

تۇرغان شاۋدۇن

# مۇقام ھەققىدە مۇلاھىزە

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

تۇرغان شاۋۇدۇن

# مۇقام ھەققىدە مۇلاھىزە

نەشرگە ئۇيۇشتۇرغۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم
رايونلۇق ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



# ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تەتقىقاتىغا دائىر كىتابلار تەھرىر ھەيئىتى ئەزالىرىنىڭ ئىسملىكى

**تۇمۇر داۋامەت** (ش ئۇ ئا ر ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى)

**مىجىت ناسىر** (كاندىدات تەتقىقاتچى)

**مەھەممەتئىمىن يۈسۈپ** (تەتقىقاتچى)

**مەھەممەت ئىسمائىل** (ش ئۇ ئا ر ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى)

**ئابدۇرېھىم رەجەپ** (دوتسېنت)

**ئوبۇل ئىسلام** (ئالىي مۇھەررىر)

**جاك خۇڭچاۋ** (كاندىدات تەتقىقاتچى)

**قەييۇم تۇردى** (1-دەرىجىلىك يازغۇچى)

**ئىمىن تۇرسۇن** (ئالىي مۇھەررىر)

**شەرىپىدىن ئۆمەر** (پروفېسسور)

**مۇھەممەت زۇنۇن** (پروفېسسور)

**مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن** (كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

**لىۋبىك** (تەتقىقاتچى)

**مۇھەممەتئېلى زۇنۇن** (1-دەرىجىلىك دراماتورگ)

**مەتروزى تۇرسۇن** (1-دەرىجىلىك كومپوزىتور)

**جۇجى** (تەتقىقاتچى)

# قىسقىچە مەزمۇنى

« مۇقام ھەققىدە مۇلاھىزە » ناملىق بۇ كىتاب ئەدىب تۇرغان شاۋۇدۇننىڭ ئۇزاق يىللىق ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدا توپلىغان مول ئەمەلىي بىلىملىرىنىڭ مەھسۇلى ھېسابلىنىدۇ.

مۇئەللىپ بۇ كىتابىدا ئۇزاق تارىخ، كەڭ ئاممىۋىي ئاساس ۋە كۆپ قاتلاملىققا ئىگە ئۇيغۇر « ئون ئىككى مۇقام » نىڭ مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسىنى ئاساس قىلغان ھالدا ئۇنىڭ ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقىنىڭ يۈكسەك چوققىسىنى ئىگىلىگەن ئونۋېرسال يىرىك مۇزىكا ژانىرى ئىكەنلىكىنى ئىلمىي نەزەرىيىۋىي ئاساسلار ۋە تارىخىي پاكىتلار ئارقىلىق نامايان قىلىدۇ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ يىرىك مۇزىكا ژانىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش يولىدىكى ئۇزاق تارىخىي جەريانىدا ئۈزلۈكسىز نامايان قىلىپ كەلگەن ئىجاتچانلىق روھىنى ئالاھىدە تىلغا ئالىدۇ.

مۇئەللىپ بۇ كىتابىدا يەنە « ئون ئىككى مۇقام » بارلىققا كەلتۈرگەن « ئون ئىككى مۇقام » نىشىش شەكلىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن كەينى ـ كەينىدىن بارلىققا كەلگەن « تۇرپان مۇقاملىرى » ، « قۇمۇل مۇقاملىرى » ، «دولان مۇقاملىرى » قاتارلىق يەرلىك مۇقاملار ئۈستىدىمۇ ئالاھىدە توختىلىدۇ. بۇ مۇقاملارنىڭ « يەرلىك » دەپ ئاتىلىشىدا بۇ مۇقاملارنىڭ يەرلىك مۇزىكا بايلىقى ئاساسىدا شەكىللەنگەنلىكىدىن ئىبارەت ئالاھىدىلىكىنىڭ مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مۇئەللىپ شۇ ئاساستا مىللىتىمىزنىڭ ئورتاق مۇزىكا بايلىقىنىڭ مەھسۇلى بولغان « ئون ئىككى مۇقام » ىمىزنىڭ مېلودىيە، كۈي شەكلى، رىتىم ـ ئۇدار، تېكىست ئىشلىتىش جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكلىرى ئۈستىدىمۇ توختىلىپ، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش جەريانىدىكى يېقىنقى يىللاردا ئېلىپ بېرىلغان رەتلەش، تولۇقلاش، لېنتىغا

ئىلىش خىزمەتلىرىدىكى ئىجادىي ئىزدىنىشلەر ئۈستىدىمۇ ئۆز مۇلاھىزىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

« مۇقام ھەققىدە مۇلاھىزە » ناملىق بۇ كىتاب شۇ خىل ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن كىتابخانلىرىمىزنى ئۇيغۇر « ئون ئىككى مۇقام » نىڭ شەكىللىنىش تارىخى، مەزمۇنى، مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى جەھەتتىكى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن تونۇشتۇرىدۇ، شۇنداقلا بۇ ھەقتە ئىلمىي، نەزەرىيۋى ئاساسقا ئىگە قىلىدۇ.

# 内容提要

《关于木卡姆的研究》这本书是土尔干·夏吾冬通过长期的收集整理而撰写的研究专集。

作者在这本书中,通过科学的理论根据和历史实事,阐明了具有悠久历史和群众基础的维吾尔音乐顶峰的十二木卡姆的音乐结构,并强调了我们的祖先在这优秀的音乐题材不断完善的历史过程中一贯的创作精神。

作者在这本书中还特别谈到了十二木卡姆形成以来先后产生的"吐鲁番木卡姆","哈密木卡姆","刀郎木卡姆"等地方木卡姆。这些木卡姆被称为"地方"木卡姆,反映了在形成这些木卡姆过程中,地方音乐财富起了重要作用。作者在这一基础上还谈到了维吾尔民族共同音乐财富的产物——十二木卡姆的旋律、歌曲形式、节奏、歌词应用方面的特点,以及近年来进行的整理、充实、录音工作上的积极探索。

"木卡姆研究"这本书以这些特点向读者介绍了维吾尔十二木卡姆形成的历史、内容、音乐结构方面的特点,具有科学性和理论的根据。

# كىرىش سۆز

«شەرق مۇزىكىسىنىڭ گۆھىرى» دەپ ئاتىلىپ جاھاندا شۆھرەت قازانغان ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئەمگەكچان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، شۇنداقلا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى مۇزىكىلىق تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرىدىغان چوڭ ھەجىمدىكى بۈيۈك بەدىئىي قامۇس.

ئون ئىككى مۇقامدىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ ئەڭگۈشتەرىمىز ئەسىرلەردىن بۇيان خەلقىمىزنىڭ روھىي دۇنياسىغا، ئىجتىمائىي ھاياتىغا، پسىخولوگىيىسىگە سىڭىپ كىرىپ، ئىجتىمائىي ھاياتنى بېيىتىدىغان، مىللىي غۇرۇرىنى، ئىقتىدارىنى نامايان قىلىدىغان، سەنئەت ھۇزۇرىنى ئاشۇرىدىغان قۇدرەتلىك مەنىۋى ئوزۇق بولۇپ كەلمەكتە.

ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بۇ بىباھا مەدەنىي مىراسىمىزنى قۇتقۇزۇش، توپلاش-رەتلەش، تەتقىق قىلىش ۋە نەشر قىلىش خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى.

ئۇزاق مۇددەتلىك جاپالىق تەتقىقات ۋە ئىزدىنىش نەتىجىسىدە يېقىندىن رەتلىنىپ تولۇقلانغان ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ لېنتىسى ۋە ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ يېقىندىن نەشر قىلىنغان ئون ئىككى كىتابى تارقىتىلغاندىن كېيىن تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدا ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر قوزغىدى.

خەلق ئارىسىدا ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى تەتقىق قىلىش، ئۆگىنىش ۋە سەھنىلەشتۈرۈش قىزغىنلىقى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى.

جەمئىيىتىمىز ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئۈستىدىكى تەتقىقات ۋە تونۇشنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش مەقسىتىدە، ئۇيغۇر ئون ئىككى

مۇقامغا دائىر ئون كىتابنى نەشرگە تەييارلىدى. بۇ كىتابلاردا ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ۋە يەرلىك مۇقاملارنىڭ شەكىللىنىش تارىخى، مۇقاملارنىڭ مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى ۋە مىلودىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرى، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى بېيىتىش ۋە خەلق ئارىسىدا ئومۇملاشتۇرۇشتا تۆھپە قوشقان مۇقامچىلار بىر قەدەر ئەتراپلىق، ئىلمىي ئاساستا تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، مۇقام ھەققىدىكى تەتقىقاتىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

شۇنى مۇئەييەنلەشتۇرۇپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامغا دائىر كىتابلارنىڭ ئاپتورلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئۇزۇندىن بۇيانقى ئىزدىنىشلىرى ۋە تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلىشلىرى ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويغان بەزى كۆز قاراش ۋە يەكۈنلەرنى يۈزدە يۈز توغرا دەپ مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىشكە بولمايدۇ. تەتقىقات، ئىلمىي مۇھاكىمە جەريانىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەرگە ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىم.

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۆپ ئەسىرلىك شانلىق مەدەنىيەت تارىخى جەريانىدا ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىپ، تولۇقلىنىپ كەلگەن. ئىشىنىمىزكى، مۇزىكا تارىخىمىزنىڭ بۇ ئۇلۇغ نامايەندىسى تەتقىقات ۋە ئىزدىنىشىمىزنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ تېخىمۇ مۇكەممەللىشىپ جاھان مەدەنىيەت سەھنىسىدە پارلاق نۇر چاچىدۇ.

بۇ كىتابلار شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىغا سوۋغا قىلىندى.

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى**

# ئاپتوردىن

ئازادلىقتىن كېيىن باشلانغان قېزىش، رەتلەش، تولۇقلاشتىن ئىبارەت ئازغىنە كەم 40 يىللىق جەرياننى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئون ئىككى مۇقامنىڭ لېنتىغا ئېلىنىپ، رادىئو ئارقىلىق جامائەتكە تولۇق ئاڭلىتىلىشقا باشلانغىنىغا ئۈچ يىلچە بولۇپ قالدى. بۇ جەرياندا ئۇنىڭ تېكىستلىرىنى كۆرۈش، بېكىتىش ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىم مېنى بۇ ئېسىل مەدەنىيەت مىراسىمىز ئۈستىدە ئاز - تولا مۇلاھىزە قىلىپ بېقىشقا مەيدەكچىلىك قىلدى. مېنىڭ كەڭ كىتابخانلار بىلەن ئورتاقلاشماقچى بولغانلىرىم ئەنە شۇ مۇلاھىزىلىرىمنىڭ بىۋاستە مەھسۇلى، خالاس.

ئون ئىككى مۇقامدىن ئىبارەت بۇ مەدەنىي مىراسىمىزنى تەتقىق قىلغاندا، ئۇنىڭ بىزگە مەلۇم بولمىغان تەرەپلىرىنى قانداقتۇ يىللار شامىلى كۆمۈپ ئۆتكەن قۇم ئاستىدىكى قالدۇقلىرىدىنلا ئەمەس، بەلكى كىشىلىك تۇرمۇشتا جۇلالىنىپ تۇرغان تەرەپلىرىدىنمۇ ئىزدەپ تېپىشقا بولىدۇ، دېگەن قاراشتا چىڭ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ، ئەلۋەتتە.

دەرۋەقە، بىز مۇقام ئىچىدە تۇغۇلۇپ، مۇقام ئىچىدە ياشاۋاتىمىز. ئۇنىڭ مۇڭلۇق، مەردانە، جۇشقۇن سادالىرىدىن ۋۇجۇدىمىزغا كۈچ ئېلىپ، جىسمىمىزنى يايرىتىپ كېلىۋاتىمىز. نەۋائىنىڭ:

سەھەر چۈمەندە قۇلاغىمغا بانگ ئۇد ① يېتەر،
بەشارەت كەرىمى ② ۋاجىبىلۋۇجۇد ③ يېتەر.

---

① بانگ ئۇد — «ئۇد»ناملىق سازنىڭ ئاۋازى.
② كەرىم — سېخى.
③ ۋاجىبىلۋۇجۇد — خۇدا مەنىسىدە.

ناقىس ( سابىر ئاخۇن خەلپىتىم بىننى ئابدۇۋارىس يېڭىسارى (1840 ــ 1920 ـ يىللار ) نىڭ :

مۇترىبا ① كۆپ چەكمە نا خۇن كىم جاھان ئۆرتەنمىسۇن ،
پەس تۇت سەۋتىڭنى ② كىم كەۋنۇماكان ③ ئۆرتەنمىسۇن .
ئىلكىڭگە ئالساڭ كامالچى سۇركىگىن ئاھەستە ھەم ،
بەزىم ئارا ئوت چۇشكىسى ئەگرى كامان ئۆرتەنمىسۇن .

دېگەن مىسرالىرى مۇقامنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشتىكى كۈچ ـ قۇدرىتىنىڭ ھەقىقىي تەسۋىرىدۇر .

مۇقام ــ كىشىلىك تۇرمۇش بارلىققا كەلتۈرگەن نازۇك سەزگۈلەرنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئىگىدىكى مۇزىكىلىق ئىپادىلىنىشى بولۇپ ، ئەقىل ـ ئىدرىكىمىزنىڭ جەۋھىرى ، شۇنداقلا ئېسىل مەدەنىيەت تارىخىمىزنىڭ قامۇسى . شۇ ۋەجىدىن مۇزىكا تارىخىمىز ئەسىرلەر بويى ئۈزۈلۈپ قالماي ، ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۈزلۈكسىز نامايان قىلىپ كەلمەكتە . خەلقىمىز ناخشا ـ ئۇسسۇلچى خەلق ، زېمىنىمىز ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە .

ئون ئىككى مۇقامنى قېزىش ، رەتلەش ، تولۇقلاپ لېنتىغا ئېلىش پائالىيەتلىرىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلىنىشىغا ئەگىشىپ ، « ئون ئىككى مۇقام » قىزغىنلىقى مىللىتىمىز دائىرىسىدىلا ئەمەس ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىمۇ كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققىتىنى تارتتى . شۇنداق بولغاچقا ، «ئون ئىككى مۇقام » نى توغرا ۋە ئوقۇملىغىراق تونۇشتۇرۇش ئالدى بىلەن بۇ يېرىك بەدىئىي مىراس ۋارىسلىرىنىڭ باش تارتىپ بولماس مەجبۇرىيىتىدۇر .

ئالدىمدا ئومۇمىي « ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى » بىلەن بىرلىكتە «

---

① مۇترىپ ــ سازچى .

② سەۋت ــ ئاۋاز .

③ كەۋنۇماكان ــ مەۋجۇدات ، بارلىق ماكان .

دولان مۇقاملىرى »، « تۇرپان مۇقاملىرى »، « قۇمۇل مۇقاملىرى »، « ئىلى مۇقاملىرى » قاتارلىق يەرلىك مۇقاملارمۇ خۇددى گۈلزارلىقتىكى گۈللەردەك بىر - بىرى بىلەن رەڭ تالىشىپ تۇرۇپتۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى مىللىتىمىزنىڭ ئېسىل مۇزىكا بايلىقى بولۇش بىلەن بىللە، ھەر بىرى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن جىلۋىلىنىپ، ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلماقتا. مەن بۇ مۇزىكا ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك تولۇق ئاڭلىغان، كۆپىنچىسىنى لېنتىغا ئېلىش جەريانىدا تېكىستلىرىنى رەتلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇنىڭ پېشۋالىرىدىن بولغان زىكرى ئەلپەتتا، ئابدۇۋەلى جارۇللايوپ، ئابدۇكېرەش ئەلى، يۇسۇپ پەمباش ( تۇرپان مۇقامىنى ئېيتقۇچى ) قاتارلىقلار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولغانىدىم. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مۇقام ھەققىدىكى چۈشەنچەم تەدرىجىي تولۇقلاندى، ئىگىلىگەنلىرىمنى كۆپچىلىك بىلەن ئورتاقلىشىپ بېقىش ئىستىكىدە « مۇقام ھەققىدە مۇلاھىزە » ناملىق بۇ ئەسىرىمنى كۆپچىلىككە سۇندۇم. بۇنىڭدا دېمەكچى بولغانلىرىمنىڭ بەزىلىرى بەلكىم باشقىلار تەرىپىدىن ئېيتىلىپ ئۆتۈلگەن بولۇشىمۇ، بەزىلىرى بىلىش دائىرەمنىڭ ئەتراپلىق بولماسلىقى بىلەن كەم - كۈتا بولۇپ قالغانمۇ بولۇشى مۇمكىن. كەم، ئۆزە بولۇپ قالغان جايلىرىنى كەسپداشلار بىلەن بىرلىكتە ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارزۇسىدىمەن.

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب مۇقام ھەققىدە قىسقىچە بايان ............................ 1
مۇقام شەكلى ........................................................1
« ئون ئىككى مۇقام » لىشىش ................................ 4
ئىككىنچى باب « ئون ئىككى مۇقام» قۇرۇلمىسىدىكى ئىلمىي ، نەزەرىيىۋى
ئاساسلار ..................... 34
ئۈچىنچى باب « ئون ئىككى مۇقام » بىلەن يەرلىك مۇقاملارنىڭ ئورتاقلىقى
ۋە پەرقى ........................................ 54
تۆتىنچى باب مۇقام شەكلىنىڭ ئىلى رايونىدىكى نامايەندىلىرى ......... 75
بەگلەر نەغمىسى ........................................ 75
يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن ئىلى خەلق ناخشىلىرى ........................ 79
مۇقامنىڭ « خانىقا ناخشىلىرى » سىستېمىسىدىكى ئىپادىسى ......... 93
مۇقامنىڭ « ئىلى سەنىمى » دىكى ئىپادىسى ........................ 96
« ئون ئىككى مۇقام » نىڭ ئىلى رايونىغا تارقىلىشى ۋە ئۆزلەشتۈرۈلۈپ
ئىشلىنىشى ........................................ 99
بەشىنچى باب ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسى ........................ 109
ئون ئىككى مۇقامنىڭ ناملىرى توغرىسىدا ........................ 110
ئون ئىككى مۇقام تېكىستلىرىنىڭ مەزمۇنى ........................ 116
مۇقام تېكىستلىرىنى رەتلەش مەسىلىسى ........................ 125
مۇقام ئاھاڭىدا تېكىستتىن تاشقىرى تەكرارلىنىدىغان قوشۇمچە سۆزلەر 131
ئالتىنچى باب ئون ئىككى مۇقامنىڭ قايتا رەتلىنىشى ........................ 133
ئون ئىككى مۇقامنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن نۇسخىلىرى ......... 135

« ئون ئىككى مۇقام » نى قېزىش ، تەتقىق قىلىش ۋە رەتلەپ ، تولۇقلاپ جاما-
ئەت بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈش ............................................ 140
ئون ئىككى مۇقامنى رەتلەش ، تولۇقلاش جەريانىدا ئەجىر سىڭدۈرگەن
كىشىلەر ............................................ 142
خاتىمە ............................................ 147

## بىرىنچى باب

# مۇقام ھەققىدە قىسقىچە بايان

### مۇقام شەكلى

مۇقام شەكلى — يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي تاپقان ناخشا مۇزىكىچىلىقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى يىرىك مەھسۇلى، ئۇ مۇقام شەكلىگە مەنسۇپ بولغان مۇنتىزىم ئاھاڭ قۇرۇلمىلىرىنىڭ بىر - بىرىگە ئورگانىك ھالدا باغلىنىپ، بىر-بىرىنى تولۇقلاپ كۈچەيتىپ، ئەسلى مىلودىيىنى دەۋر قىلغان ھالدا بىر پۈتۈن مۇزىكىلىق ۋەقەنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان سىمفونىك خاراكتېردىكى لىرىكىلىق قۇرۇلمىدۇر.

« مۇقام » سۆزى مۇشۇ خىل شەكىلنىڭ نامى. ئۇ ئۇزاق تەرەققىياتلار جەريانىدا بارلىققا كەلگەن « ناخشا »، « لەپەر »، « سەنەم »، «داستان »، « مەشرەپ » دېگەنلەرگە ئوخشاشلا ئېنىق ئۇقۇم، يۇكسەك ئەنئەنىۋىلىكنى نامايان قىلىدۇ.

ھازىرقى مۇقىملاشتۇرۇشلارغا ئاساسلانغاندا، بىزگىچە يېتىپ كەلگەن « ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى » XVI ئەسىردە سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ خانى سۇلتان ئابدۇرىشتخاننىڭ تەشەببۇسى بىلەن قىدىرخان يەركەندى ۋە ئاماننىساخاننىڭ يېتەكچىلىكىدە بىر قېتىملىق رەتلەش، تولۇقلاش، ئۆستۈرۈش باسقۇچىدىن ئۆتكەن. بۇ ھال بىزگە مۇقام شەكلىنىڭ پەيدا بولۇش تارىخىنىڭ تولىمۇ قەدىملىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

مۇقام شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتىن ناھايىتى زور مۇزىكىلىق

قۇرۇلمىنى جەزبىدار ئاھاڭلار ۋە مۇرەككەپ رىتىم - ئۇدارلار ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

XVI ئەسىردە ئۆتكەن ئاتاقلىق مۇقام ئۇستازى، شائىر قىدىرخان يەركەندى مۇقام ھەققىدە مۇنداق يازغان:

مۇقام جاھاندا تاڭنىڭ ساباسى،
جانانغا جانكى ھەر بىر ساداسى.
ھېچ تەڭ كېلەلمەس بۇلبۇل ناۋاسى،
ئالەمدە يوقكى ئۇنىڭ باھاسى.

ھازىرقى زامان شائىرى تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ «مۇقام» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق مىسرالار بار:

سازچى ياڭراق سازىدا قىلسا سېنى ناخۇن مۇقام،
جان قاناتلانغاي شۇئان بولغاچ ساڭا مەپتۇن مۇقام.
سەن بىلەن دائىم ئۈمۈر گۈلزارىمىز گۈلگۈن مۇقام،
نەغمىلەر سورۇنىدا ئورنۇڭ شۇڭا ئۇستۇن مۇقام.

XVI ئەسىردە ئۆتكەن شائىر بىلەن XX ئەسىردە ياشىغان شائىرنىڭ نەزمىلىرىدىكى مۇقام توغرىسىدىكى ئورتاق پىكىر، ئورتاق ھېسسىيات مۇقامنىڭ ھاياتىي كۈچىنىڭ ئىزچىل ھالدا نامايان قىلىنىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

مۇزىكىدىكى بۇ خىل يىرىك ژانىرنىڭ ئەسىرلەر داۋامىدا ئۆز ھاياتىي كۈچىنى ئۈزلۈكسىز نامايان قىلىپ كېلىشى، شۇنداقلا ھازىرقى مۇزىكا دۇنياسىدىمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك بويىچە جۇلالىنىپ تۇرۇشى ئۇنىڭ قۇرۇلما جەھەتتىكى مۇكەممەللىكىنى ئىپادىلەپلا قالماي، مىلودىيە جەھەتتىمۇ مىللەتنىڭ ئىستېتىك زوقى، پسىخىك خۇسۇسىيىتى، تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى قاتارلىق جەھەتلەرگە چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مانا

بۇ مۇقامنىڭ ھاياتىي كۈچىنىڭ مەنبەسى. «مۇقام» دىكى بۇ خىل سېھرىي كۈچ ئەينى يىللاردىلا بىر تۈركۈم كومپوزىتورلارنى ئۆزىگە قاتتىق جەلپ قىلىپ، مۇقام ئۆگىنىش، ئۇنى تەتقىق قىلىش ۋە مۇقام ئىزىنى بويلاپ، مۇقام ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئىلھاملاندۇرغان.

تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، XVI ئەسىردە ئۆتكەن مۇقام ئۇستازى قىدىرخان يەركەندى «ۋىسال» مۇقامىنى، مەلىكە ئامانىساخان «ئىشرەت ئەنگىز» مۇقامىنى ئىجاد قىلغان. بىزنىڭ ئەسىرىمىزگە كەلگەندە بۇ خىل شەكىلگە ئىنتىلىش ۋە مۇشۇ شەكىل بويىچە ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىش يەنىلا بىر قىسىم كومپوزىتورلىرىمىزنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىپ كەلدى. 30 ـ يىللاردا مۇقامشۇناس زىكرى ئەلپەتتا «رۇخسارى» مۇقامىنى ۋۇجۇدقا چىقاردى. ئاتاقلىق روزى تەمبۇر ئون ئىككى مۇقامنىڭ مۇقەددىمە، داستان، مەشرەپلىرىنى ئىلى شېۋىسى، ئىلى ئۇسلۇبى ئاساسىدا ئۆزلەشتۈرۈپ ئىشلىدى. بۇ ھەقتە 1960 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئون ئىككى مۇقام» (نوتا) كىتابىنىڭ «ئون ئىككى مۇقامنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش» ىدا مۇنداق دېيىلگەن: «تەخمىنەن 1883 ـ يىلى مۇھەممەد دېگەن كىشى ‹ مۇقام › نى قەشقەردىن ئىلىغا ئېلىپ باردى. مۇقامنىڭ داستانى ئىلىدا بىر قەدەر ئىشلەنگەندىن كېيىن، ئاھاڭ تەرەپتىن تېخىمۇ يىغىنچاق، ئۇسلۇب تەرەپتىن تېخىمۇ شوخ بولدى» (22 ـ بەت).

80 ـ يىللارغا كەلگەندە توقسۇن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ ياش مۇزىكا خادىمى تۇرسۇن رۇسۇل «تۇرپان مۇقاملىرى» دىن «چەببىيات» نىڭ توقسۇندا ئۆزلەشتۈرۈلگەن نۇسخىسى بويىچە «دەرد ـ داغ» مۇقامىنى ئون ئىككى مۇقام قۇرۇلمىسى ( چوڭ نەغمە، داستان، مەشرەپتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ قىسىم ) شەكلىدە ئىشلەپ يورۇقلۇققا چىقاردى.

يۇقىرىقىلار «مۇقام» نىڭ يىرىك مۇزىكا ژانىرى شەكلىدە مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈش بىلەن بىللە، مىللىتىمىزنىڭ بۇ شەكىل ئىجادىيىتى بىلەنمۇ ئىزچىل شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

## « ئون ئىككى مۇقام » لىشىش

مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا ، مۇقاملار ھازىرقى « ئون ئىككى مۇقام » شەكلى بويىچە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ ، بىر پۈتۈن سىستېمىغا ئىگە قىلىنىشتىن ئىلگىرى ھەرقايسى ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەت بىلەن پارچە ـ پارچە ھالەتتە تارقىلىپ يۈرگەنلىكى مەلۇم . XVI ئەسىردىكى يەكەن خانلىقى دەۋرىدە ، بۇ خانلىق تەۋەسىدىن يىغىۋېلىنغان ۋە توپلىنغان بۇ خىلدىكى مۇقاملار 17 بولۇپ ، بۇلار : ① راك ، ② دۇگاھ ، ③ سىگاھ ، ④ چارىگاھ ، ⑤ پەنجىگاھ ، ⑥ ئوششاق ، ⑦ ناۋا ، ⑧ ئۆزھال ، ⑨ ئەجەم ، ⑩ بايات ، ⑪ چەببيات ، ⑫ مۇشاۋىرەك ، ⑬ ئىراق ، ⑭ ھىجاز ، ⑮ ۋىسال ، ⑯ ئىشرەت ئەڭگىز ، ⑰ نورۇز مۇقامى قاتارلىقلار .

بۇ مۇقاملاردىن بەشىنىڭ « ئون ئىككى مۇقام » تەركىبىدىن ئورۇن ئالالماسلىقىنى بەزىلەرنىڭ بۇ سىستېمىغا قوشۇۋېتىلگەنلىكى ياكى شاللىۋېتىلگەنلىكىدىن دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ .

دىلمۇرات ئابابەكرى رەتلىگەن « قىدىرخان ۋە ئون ئىككى مۇقام » دېگەن ماقالىدە مۇنداق ئۇچۇر يېزىلغان :

« X ئەسىردىن ئىلگىرى ھەرقايسى دىنلارغا ئېتىقاد قىلىدىغان مەزھەپلەرنىڭ مۇقاملىرى يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان . قىدىرخان بۇددا دىنى ، شامان دىنى ۋە مانى دىنى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن « راك » ، « ھىجاز » ، « بوزرۇك » قاتارلىقلارنىڭ مۇزىكا ۋە ناخشا تېكىستلىرىنى ئىسلاھ قىلىپ ، ئۇلارنى ئىسلام دىنىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرغان » ( « مىللەتلەر ئىتتىپاقى » ژۇرنىلى 1992 ـ يىل 4 ـ سان 28 ـ ، 29 ـ بەتلەر ) .

بۇ ئۇچۇر بىزگە يوقىرىقى 17 مۇقامدىن باشقا يەنە « بوزرۇك » دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر مۇقامنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىللە ، خەلقىمىزنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن ئىلگىرىكى ھەرقايسى دىنلار دەۋرلىرىدىمۇ مۇقام شەكلى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەنلىكىنى ، ئۇنى ھەر-

قايسى دەۋرلەردە ھەرقايسى دىنلارنىڭ ئېھتىياجى بويىچە ئۆزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ .

لېكىن ، قىدىرخان دەۋرىدىكى بۇ راۋاجلاندۇرۇشنى قانداقتۇر ماسلاشتۇرۇش نۇقتىسىدىن دەپلا چۈشەنسەك كۇپايە قىلمايدۇ . بۇنى «ئون ئىككى مۇقام» لىشىش يۈكسەكلىكى نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرۈش كېرەك . «ئون ئىككى مۇقام» لىشىش شۇ دەۋرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ئەنئەنىۋى مۇقاملارغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىش ، تولۇقلاش ، رەتلەش ئاساسىدا سىستېمىلاشتۇرۇش زۆرۈرىيىتىدىن بارلىققا كەلگەن . قىدىرخان مۇقاملارنى رەتلەشتە ئۇنىڭ قۇرۇلمىسىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىپ ، ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق ئۇنىڭغا داستان ، مەشرەپ قىسىملىرىنى قوشۇش بىلەن بىللە ، چوڭ نەغمە قىسمىنىمۇ زور دەرىجىدە تەرتىپكە سېلىپ ، ھەرقايسى شاخچىلىرىنى مەرغۇل ، چۈشۈرگە ۋە چۈشۈرگە مەرغۇللىرى بىلەن بېزەپ ، ھەر بىر ئاھاڭنى مۇكەممەل قۇرۇلما ، مۇكەممەل رىتىم ـ ئۇدار ، مۇكەممەل پۇراق يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرگەن . بۇنىڭ بىلەن تېكىست ئىشلىتىش جەھەتتىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر بولۇپ ، ئاددىي رىتىملىق خەلق بېيىت ـ قوشاقلىرى ئورنىنى ئارۇز شەكلىدىكى مۇرەككەپ ۋەزنلىك غەزەللەر ئىگىلەپ ، نەۋائى قاتارلىق مۇتەپەككۇر ، شائىرلارنىڭ يۈكسەك بەدىئىيلىككە ئىگە ، مول مەزمۇنلۇق ، ئۆتكۈر پىكىرلىك ، تاڭسۇق شېئىرلىرى مۇقامنىڭ ئاساسىي تېكىستىگە ئايلانغان .

قىدىرخان يەركەندى ، مەلىكە ئامانىسا قاتارلىقلار سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئىككىنچى خانى سۇلتان ئابدۇرىشىتخاننىڭ تەشەببۇسى بىلەن يورۇقلۇققا چىقارغان بۇ « ئون ئىككى مۇقام » يۇقىرقى ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئەينى يىللاردىلا كلاسسىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ ، مۇقام نەغمىلەرنىڭ گۈلتاجىغا ئايلانغان .

بۇنىڭ قۇرۇلمىسى مۇنداق :

1 . ئۇ ھەر بىرى ئىككى سائەت داۋاملىشىدىغان راك ، چەببىيات ، مۇشاۋىرەك ، چارىگاھ ، پەنجىگاھ ، ئۆزھال ، ئەجەم ، ئۇششاق ، بايات ، ناۋا ،

سگاھ، ئىراقلاردىن ئىبارەت ئون ئىككى مۇقامدىن تەركىب تاپقان .

2 . ھەر بىر مۇقام مۇقەددىمىدىن تاشقىرى چوڭ نەغمە، داستان، مەشرەپتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ .

3 . نەغمە قىسمى تەزە، نۇسخا، جۇلا، سەنەم، چوڭ سەلىقە، كىچىك سەلىقە، پەشرۇ، تەكىت قاتارلىق توققۇز بۆلەكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . قىسمەن مۇقاملاردا بۇ بۆلەكلەردىن تاشقىرى مۇستەھزاد، يارىم ساقى بۆلەكلىرىمۇ بار بولۇپ، ھەر بىرى ئۆزىگە خاس چۇشۇرگە، مەرغۇل ۋە شاخچە ئۆزگۈرىشلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، يىگىرمىگە يېقىن ئاھاڭ ھاسىل قىلىدۇ . بۇنىڭغا داستان قىسمىدىكى ئۈچتىن بەشكىچە داستان، مەرغۇل بىلەن مەشرەپ قىسمىدىكى ئۈچتىن بەشكىچە مەشرەپنى قوشقاندا بىر پۈتۈن مۇقام ئوتتۇزدىن ئارتۇق ئاھاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

يۇقىرىقىلار ئون ئىككى مۇقام تەركىبىدىكى بارلىق مۇقاملارنىڭ قۇرۇلمىسىغا خاس بولغان بىردىنبىر ئورتاقلىق .

ئىككىنچى ئورتاقلىق — ھەر بىر مۇقامنىڭ بىر خىل تېما ئاستىدىكى بۆلەكلىرىنىڭ ئاھاڭ جەھەتتىن باشقا - باشقا بولسىمۇ، كۈي شەكلى، پۇراق، رىتىم - ئۇدار جەھەتلەردىن ئۆزئارا ئوخشاش بولۇشىدا كۆرۈلىدۇ .

بۇ ئىككى ئورتاقلىقنى مۇقامغا ھاياتى كۈچ بەخش ئەتكۈچى ئىچكى قۇرۇلمىلارنىڭ قانۇنىيەتلىك باغلىنىشلىرى شەكىللەندۈرگەن، بۇلار ئۆز نۆۋىتىدە مۇقام قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە خىزمەت قىلىدۇ . ئون ئىككى مۇقام مۇشۇ خىل ئورگانىك باغلىنىشنىڭ مەھسۇلى .

بۇلارنىڭ رولى مۇنداق :

1 . مۇقەددىمە — ھەر بىر مۇقامدىكى مۇقەددىمە شۇ مۇقامنىڭ مۇجەسسەملەشكەن مۇزىكا قۇرۇلمىسى بولۇپ، ئۇزلۇكسىز كۈي ئالمىشىش ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن مۇزىكىلىق بىرىكىشتىن تۈزۈلىدۇ . ھەر كۇپلېت تېكىستكە بىر كۇپلېت ئاھاڭ مەنسۇپ بولىدۇ . لېكىن ئۇنىڭ بىر پۈتۈن مۇقامدىكى ئوينايدىغان رولى ھەرگىزمۇ تېكىستنى بايان قىلىنغان مەزمۇن

بولماستىن، بەلكى ئۆزىگە خاس مېلودىيە ۋە ئاھاڭ تۇسىنىڭ ھەرقايسى بۆلەكلەرگە سىڭىشىپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس (مەزكۇر مۇقامغىلا خاس) ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇنى كونكرېتلاشتۇرغاندا تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىغا مەركەزلىشىدۇ:

① بىر پۈتۈن مۇقامنىڭ مېلودىيە ۋە ئاھاڭ تۇسىنى بەلگىلەيدۇ.

② ھەرقايسى بۆلەكلەرگە باشتىن - ئاخىر سىڭىشىپ، ئۇنىڭ ئاساسىي مېلودىيە ئاساسىدا بىر - بىرىگە ئورگانىك ھالدا چەمبەرچەس باغلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

③ ھەرقايسى قىسىملارنى بىر - بىرىگە باغلاپلا قالماي، ھەرقايسى قىسىملار ئارىلىقىدا چۈشۈرگە سۈپىتىدە تەكرارلىنىپ، ھەرقايسى قىسىملارنى تولۇقلايدۇ ۋە ئەڭ ئاخىرىدا يەنە بىر تەكرارلىنىپ، تەزىدىن ئاخىرقى مەشرەپكىچە بولغان تەرەققىياتىدا يېرىم ئاي شەكلىنى ھاسىل قىلىپ، بىر پۈتۈن مۇقامنىڭ مۇكەممەل قۇرۇلمىسىنى نامايان قىلىدۇ. شۇڭا، مۇقام مۇقەددىمىدىن ھەرگىزمۇ ئايرىلالمايدۇ. مۇقەددىمىسىز مۇقاممۇ بولمايدۇ.

2. تەزە — بۇ تۆتتىن ئۈچ ئودارلىق بولۇپ، ئاھاڭ تەكرارى ئارقىلىق مۇكەممەللىشىدۇ. ئىككى كۇپلېت تېكىستكە بىر كۇپلېت ئاھاڭ مەنسۇپ بولىدۇ.

3. مەرغۇل — ئالدىنقى بۆلەكنىڭ مۇزىكىلىق ھېسسىياتىنى تولۇقلاش ئارقىلىق ئېستېتىك زوق بېغىشلاشنى ئورۇندايدۇ.

4. چۈشۈرگە — ئالدىنقى ئاھاڭنى ئاياغلاشتۇرۇپ، كېيىنكى ئاھاڭغا ئۆتۈشتە كۆۋرۈكلۈك رول ئۆتەيدۇ.

5. نۇسخا — بۇنىڭ مۇزىكىلىق قۇرۇلما ۋە رىتىم - ئودارلىرى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. كومپوزىتور مەتروزى تۇرسۇن «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ۋە ئۇنىڭ مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى» دېگەن ماقالىسىدە بۇنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: «ئون ئىككى مۇقامدا تۆت خىل نۇسخا بولىدۇ. بۇ تۆت خىل نۇسخىنىڭ مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ ۋە بىر - بىرىدىن داپ ئودار (داپ تاكتى) ئارقىلىق پەرقلىنىدۇ. بۇلار — نۇسخا،

ئوڭ نۇسخا ، تەتۈر نۇسخا ۋە توكۇر نۇسخا ( تەزە نۇسخىسى ) لاردىن ئىبا-
رەت ... نۇسخا ئودارلىق بولۇپ ، 1 ـ تاكتىنىڭ 4 ـ ئودارىدىن 2 ـ
تاكتىنىڭ 4 ـ ئودارىغىچە بولغان بەش ئودار ئاھاڭدىن بىر مۇزىكىلىق ئى-
بارە تۈزۈلىدۇ . ئىككى مۇزىكىلىق ، ياكى تۆت مۇزىكىلىق ئىبارىدىن
نۇسخىنىڭ بىر مۇزىكىلىق مىسراسى تۈزۈلىدۇ . »

6 . جۇلا ــ چوڭ نەغمىنىڭ يۇقىرى پەللىسى بولۇپ ، ئۇسسۇل شەكلى ھېسابلىنىدۇ .

7 . سەنەم ــ ( يۇقىرىقىغا ئوخشاش ) .

8 . چوڭ سەلىقە ــ ( يۇقىرقىغا ئوخشاش ) .

9 . كىچىك سەلىقە (1) ــ بۇ گەرچە « كىچىك » ئاتالسىمۇ ، چوڭ نەغمە تەركىبىدىكى ئاساسلىق ئاھاڭ بولۇپ ، قۇرۇلما جەھەتتىن ئەۋجە ، ئوتتۇرا ئەۋجە ، كىچىك ئەۋجىلەرنى شەكىللەندۈرۈپ ، تېكىست مەزمۇنىنى ھەر تەرەپلىمە ئىپادىلەش ئىقتىدارىغا ئىگە ، تەمكىن ، تۇراقلىق ، لىرىكىلىق خۇسۇسىيىتى زور .

10 . كىچىك سەلىقە (2) ــ 1 ـ ئاھاڭنى تولۇقلاش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ .

11 . پەشرۇ ــ چوڭ نەغمىنىڭ يۇقىرى پەللىسىنىڭ تەركىبىي بولۇپ ، ئۇسسۇل شەكلىگە مەنسۇپ .

12 . تەكىت ــ چوڭ نەغمىنىڭ خاتىمىسى رولىنى ئوينايدۇ .

ئەمدى ، ئۇنىڭ داستان ۋە مەشرەپ قىسىملىرىنىڭ خەلق داستانلىرى بىلەن مەشرەپ ئويۇنىغا تەقلىد قىلىنغان ھالدا شەكىللەنگەنلىكى ئۈستىدە توختىلىمىز :

### داستان

بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان « داستان » ھازىرقى زامان شېئىرىيىتى شەكىل-
لەندۈرگەن « داستان » نامى بىلەن ئوخشاش بولسىمۇ ، لېكىن ھازىرقى زامان

شېئىرىيىتى شەكىللەندۈرگەن « داستان » غا ئەمەس ، بەلكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى شەكىللەندۈرگەن خەلق داستانلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن مۇزىكا ئاتالغۇسى — ئون ئىككى مۇقامنىڭ داستانىغا قارىتىلىدۇ . بۇنىڭدىن ئون ئىككى مۇقامنىڭ داستان قىسمى خەلق داستانلىرىغا تەقلىد قىلىنغان ئا-ساستا بارلىققا كەلگەن دېگەن خۇلاسە چىقىدۇ . ئۇنداقتا ، خەلق داستانلىرىنىڭ ھازىرقى زامان داستانلىرىدىن نېمە پەرقى بار ؟

بۇ پەرق مۇنۇلاردىن ئىبارەت :

① خەلق داستانلىرى قۇرۇلمىسىنىڭ ئاددىيلىقى ، ۋەقەلىكىنىڭ قىزىقار-لىقى ، سۆز - ئىبارىلىرىنىڭ ئاممىباپلىقى بىلەن ئەزەلدىن خەلق ئارىسىدا كەڭ ئوموملاشقان .

② ئۇ نەسرى ھەم نەزمە شەكلىنىڭ ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇلۇشىدىن تۈ-زۈلگەچكە ، لىرىكىلىققىمۇ ، ئېپىكلىققىمۇ ئىگە ، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ زوقلىنىشىنى ئاشۇرۇپلا قالماي ، ئۇلارنىڭ ھېكايە قىلىپ ئېيتىشىغىمۇ ، بېيىت شەكلىدە ئو-قۇشىغىمۇ ئەپلىك .

③ ئۇنىڭ نەسرى شەكلى ۋەقەلىكىنىڭ بايانىغا ، نەزمە شەكلى پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشكىلا قارىتىلغاچقا ، ئاسان ئەستە قېلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە .

④ ئۇنىڭ بايانى چۆچەك شەكلىگە ، نەزمىسى بېيىت شەكلىگە ماسلاشقاچقا ، ناخشىلىق خۇسۇسىيىتى ئىنتايىن يۇقىرى ، ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتىشقىمۇ مۇۋاپىق . شۇڭا كۆپلىگەن داستانلار ھېكايە شەكلى بىلەنلا ئەمەس ، ناخشا شەكلى بىلەنمۇ توي - تۆكۈن ، مەشرەپ ، كوچا - كوي سورۇنلىرى ئارقىلىق ئەۋلادمۇ - ئەۋلاد داۋاملىشىپ بىزگىچە يېتىپ كەلدى . بۇ خىلدىكى داستانلاردىن « پەرھات — شېرىن » ، « يۇسۇپ - زىلەيخا » ، « ۋامۇق - ئۇزرا » ، « سەنۇبەر » ، « يۇسۇپ - ئەھمەت » ، « غېرىب - سە-نەم» «تاھىر- زوھرە » ، « ھۆرلىقا - ھەمرا » قاتارلىقلار ھازىرغا قەدەر ئۆز ئاھاڭلىرى بىلەن خەلق ئارىسىدا مەۋجۇت . بۇ داستانلارنىڭ ھەر بىرى يەت-تىدىن ئونغا قەدەر ئاساسىي ئاھاڭغا ئىگە بولۇپ ، ۋەقە تەرەققىياتىغا

ماسلاشقان ھالدا مەلۇم دەرىجىدە كۆي ئۆزگىرىشى ھاسىل قىلىپ، داستاننىڭ ئاساسىي ئىدىيىسىنى گەۋدىلەندۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. بۇ داستانلارنىڭ ھەر بىرى ئۆزىگە خاس ئاھاڭلىرى بىلەن سىجىل ئېيتىلغاندا، تۆت - بەش سائەتتىن يەتتە - سەككىز سائەتكە قەدەر داۋاملىشىدۇ. شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى 1991 - يىلى بۇ خىل داستانلارنىڭ ئاقتۇ ناھىيىسىدە ساقلانغان نۇسخىسىدىن «ھۆرلىقا - ھەمرا» (تۆت يېرىم سائەتلىك) بىلەن «يۈسۈپ - ئەھمەت» (بەش يېرىم سائەتلىك) داستانىنىلا لېنتىغا ئېلىشقا مۇيەسسەر بولدى. بۇ جەرياندا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بىزنى «ئاقتۇ مەشرىپى» نى كۆرۈشكە تەكلىپ قىلدى. بۇ مەشرەپ ئۆز قۇرۇلمىسىنى خەلق داستانلىرىغا سىڭدۈرۈۋېتىشى بىلەن باشقا يەرلىك مەشرەپلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىدىكەن. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن ئاساسىي داستانچى داپ تەڭكەش قىلغۇچىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن قولىغا دۇتار ئېلىپ، ھېكايە باشلايدىكەن، نەزمە شەكلىگە ئۆتكەندە ئۇنى ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتىدىكەن. ئېيتىش شۇ تەرىقىدە بىر ھازا داۋاملاشقاندىن كېيىن، ئارىدىن بىر كىشى چىقىپ، داستانچىغا: «سورۇننىڭ ئىگىسى بارمۇ - يوق؟» دەپ ئىلتىجا قىلىدىكەن. داستانچى: «نېمە ئىش؟» دەپ سورايدىكەن. ئىلتىجا قىلغۇچى «قوشنا» سىنىڭ سورۇن كەيپىياتىنى بۇزىدىغان غەيرىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقى ئۈستىدىن دەرد ئېيتىپ، ئۇنىڭغا ۋاقتىدا بىرەر چارە قوللىنىشنى ئۆتۈنىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن داستانچىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن مەشرەپ بېگى سايلىنىدىكەن، مەشرەپ بېگىنىڭ ھوقۇق يۈرگۈزۈشى بىلەن تەرتىپ بۇزغۇچى «سامسا يېقىش»، «ئىككى خوتۇن ئېلىپ بېرىش»، «تامغا سۈرتىنى تارتىش»، «ساتىراشقا ساقال ئالدۇرۇش»، «غاز ئويۇنى كۆرستىش» قاتارلىق مەشرەپ ئويۇنلىرىدىن بىرەرىنى قىلىپ بېرىپ، مەشرەپ ئەھلىدىن كەچۈرۈم سوراشقا بۇيرۇلىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن مەشرەپ ئويۇنى باشلىنىپ، سورۇن ئەھلى كۈلكە - چاقچاق ئىچىدە جانلىنىپ، جامائەت سەگەكلەشكەندىن كېيىن داستان ئېيتىش يەنە داۋاملىشىدىكەن. شۇنداق قىلىپ بىر داستان ئىچىدە داۋاملاشقان مەشرەپ تاڭغا يېقىن ئاخىرى-

لىشىدىكەن. بىز بۇ خىل داستانچىلىق ئاساسىغا قۇرۇلغان مەشرەپنىڭ زېمىنىمىزدا قاچان پەيدا بولغانلىقىنى، ئاقتو ناھىيىسىدە قانداقلارچە ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقانلىقىنى تەكشۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىغان بولساقمۇ، لېكىن بۇنىڭدىن داستانچىلىقنىڭ تولىمۇ چوڭقۇر ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇق.

خەلق داستانچىلىقى كېيىنكى مەزگىللەردە ھازىرقى زامان ئاپتور، رېژىسسورلىرىنىڭمۇ دىققىتىنى تارتىپ، ئۇنى سەھنىگە يۈزلەندۈرۈش دولقۇنىنى قوزغىدى. 1934 ـ يىللىرى غۇلجىدا «غېرىب ـ سەنەم» (زىيا سەمەدى)، 1942 ـ يىلى ئاقسۇدا «تاھىر ـ زوھرە» (ل. مۇتەللىپ) داستانلىرى سەھنىلەشتۈرۈلۈپ، ھازىرقى زامان مۇزىكىلىق دراملىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە يول ئاچتى.

ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئەنە شۇنداق كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولغان خەلق داستانلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭغا تەقلىد قىلغان ھالدا ئۆز تەركىبىدىكى «داستان» قىسمىنى شەكىللەندۈرۈشى ئۆز ھاياتىي كۈچىنى تېخىمۇ ئۇرغىتىشنى مەقسەت قىلغانلىقىدىن بولغان. بىز بۇنىڭدىن خەلق داستانچىلىقىنىڭ كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكىنىلا ئەمەس، ئەڭ ئۇزاق تارىخىي ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكىنىمۇ چۈشىنىپ يېتەلەيمىز.

ئون ئىككى مۇقامنىڭ «داستان» قىسمى ئۈچتىن بەشكىچە ئاھاڭدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ھەر بىرى ئۆزىگە خاس مەرغۇل بىلەن تولۇقلىنىدۇ. ھەر بىر ئاھاڭ خەلق داستانلىرى ئاھاڭى شەكلىدە، تېكىستلىرىمۇ خەلق داستانلىرىدىن ئېلىنىدۇ.

گەرچە ئەسىرلەر مابەينىدىكى ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈش جەريانىدا بەزى نەغمىچىلەرنىڭ تاللىشى بىلەن بەزى تېكىستلىرى شائىرلار شېئىرلىرىغا ئالمىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن نۇسخىسىنىڭ يەنىلا مۇتلەق كۆپچىلىكىنى خەلق داستانلىرىدىن ئېلىنغان تېكىستلارنىڭ ئىگىلەپ تۇرۇشى، سۆزىمىزنى دەلىللەشكە كۇپايە قىلىدۇ. بۇنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ ①.

① تۇرداخۇن ئاكا لېنتىغا بەرگەن نۇسخا بويىچە تۈزۈلدى.

| راك مۇقامى | تېكستى ( 1 ـ مىسراسى) | تېكست مەنبەيى |
|---|---|---|
| 1 ـ داستان | ئەي دىلاگۇل ۋاقتىدا گۇلزارىدىن ئەندىشە قىل | هۇۋەيدا |
| 2 ـ داستان | مۇندىن كېتەر بولدۇڭ زالىم ئاغالەر | « هۆرلىقا ـ ھەمرا » داستانىدىن |
| 3 ـ داستان | ئەدەبىنىڭ رىشتەسىن تۇتقىل | پۈزۈلى |
| 4 ـ داستان | قابا پەلەكنىڭ دەردىدىن يۈرىكىمدە داغلار قالدى | « غېرىب ـ سەنەم » داستانىدىن |
| چەببىيات مۇقامى | | |
| 1 ـ داستان | ئەي يارانلار كۆپتۇر كۆڭلۈم ئارمانى | « بابا روشەن » داستانىدىن |
| 2 ـ داستان | كۆڭۈلگە نە يوقۇ ـ بارىم كېلۇر | كەمىنى |
| 3 ـ داستان | كۆزۈڭ غەم قەتلىگە | نەۋائى |
| 4 ـ داستان | زۈلپۈڭ بىلەن قابا پەلەك | « دىلئارام » داستانىدىن |
| مۇشاۋىرەك مۇقامى | | |
| 1 ـ داستان | ئۆمرۈم ئەجەب زالالەتتە ئۆتكەزدىم | «يۈسۈپ ـ زىلەيخا» داستانىدىن |
| 2 ـ داستان | مەن نەيلەيىن نازۇك قولۇم باغلاندى | « غېرىب ـ سەنەم » داستانىدىن |

| | | |
|---|---|---|
| 3 ـ داستان | باغۋەن بولۇپ باغىڭ ئىچرە | « غېرىب ـ سەنەم » داستانىدىن |
| 4 ـ داستان | جىگەر خۇنابىدىن زەئىپ | نەۋائى |
| چارىگاھ مۇقامى | | |
| 1 ـ داستان | مۇندىن كېتەر بولساڭ باغدات شەھرىگە | « غېرىب ـ سەنەم » داستانىدىن |
| 2 ـ داستان | يوقتىن مېنى بار ئەيلىگەن ئىگەم ياراخمان | « دىلئارام » داستانىدىن |
| 3 ـ داستان | يۇرت قەدرىنى شاھلار بىلمەس | « غېرىب ـ سەنەم » داستانىدىن |

يۇقىرىدىكى تۆت مۇقامنىڭ داستانلىرىنىڭ ئاساسىي تېكىستلىرىنىڭ « ھۆرلىقا ـ ھەمرا » ، « غېرىب ـ سەنەم » ، « بابا روشەن » ، « دىلئارام » قاتارلىق خەلق داستانلىرىدىن ئېلىنغان تېكىستلاردىن تەركىب تاپقانلىقىنى كۆردۇق . قالغان مۇقاملارنىڭ داستان قىسمىغىمۇ مانا مۇشۇ داستانلاردىن پارچىلار تېكىست قىلىنغان ، « سەنوبەر » داستانىدىن ئېلىنغانلىرىمۇ خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ . بۇ پاكىتقا ئاساسەن ، بىز يەنىمۇ ئىچكىرىلىگەن ھالدا مۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا ھەقلىقمىز .

① ئون ئىككى مۇقام ئۆز تەركىبىدىكى قىسىملارنى شەكىللەندۈرۈشتە ئۇنى چوڭقۇر ئاممىۋى ئاساس ۋە ئاممىباپلىققا يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن ، ئەزەلدىن زور تەسىر كۆچىگە ئىگە بولۇپ كەلگەن ئاممىباپ شەكىللەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن . ئۇنىڭ نەغمە قىسمىنى يەرلىك مۇقاملارنىڭ شەكلىدىن بارلىققا كەلتۈرگىنىگە ئوخشاشلا ، داستان قىسمىنى خەلق داستانلىرىغا تەقلىد قىلغان ئاساستا شەكىللەندۈرۈشى ئۆز ھاياتىي كۈچىنى نامايان

قىلىشنىڭ ئاساسى.

② بۇ ئالاھىدىلىك كىشىلەرنىڭ ئاسان قوبۇل قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماي، بەلكى ئۇلارنى ئۆزى تىلغا ئالغان داستان ۋەقەلىكلىرىگە ئىچكىرىلەپ ئېلىپ كىرىش ئارقىلىق تەسەۋۋۇرىنى قاناتلاندۇرۇپ، ئېپىكلىككە ئىگە بۇ شەكىلدىن زوقلىنىشىنى ئاشۇرىدۇ، شۇنداقلا خەلق داستانلىرىغا بولغان قىزىقىشىنى كۈچەيتىدۇ.

③ خەلق داستانلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، خەلق داستانلىرىنىڭ كاتولوگىنى تۇرغۇزىدۇ. ئەگەر ئەينى يىللاردىكى بىر قىسىم سازەندىلەر بۇنى مۇشۇ نۇقتىدىن چۈشىنىپ، بەزى تېكىستلارنى ئۆز خاھىشى بويىچە ئالماشتۇرۇۋەتمەي، ھەربىر مۇقامنىڭ ھەر بىر داستانىغا بىر خەلق داستانىدىن تېكىست تاللاشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن بولسا ئىدى، بىز بۈگۈنكى كۈنلۈكتە تېخىمۇ كۆپ خەلق داستانلىرىنىڭ كاتولوگىغا ئىگە بولغان بولار ئىدۇق. مۇقام ئانسامبلى تەرىپىدىن قايتا لېنتىغا ئېلىنغان «ئون ئىككى مۇقام» دا تېكىست تەكرارلىقىنى تۈگىتىشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈنگەن بولسىمۇ، لېكىن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان نۇقتىغا يەنىلا سەل قارالدى.

### مەشرەپ شەكلى

بۇ شەكىلمۇ ئەنئەنىۋى خەلق مەشرەپلىرىگە تەقلىد قىلىش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن.

ھەممىمىزگە مەلۇم، مەشرەپ كۆڭۈل ئېچىش سورۇنى بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ ئاجايىپ تەرتىپ - قائىدىلىرى بىلەن جەمئىيەتنىڭ كىچىكلىتىلگەن شەكلىگە ئوخشايدۇ. بۇ شەكىل مەشرەپ ئەھلىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتتىكى كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرىنىڭ بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدىغان دىئالېكتىكىلىق باغلىنىشلىرىنى مول مەزمۇنلۇق خىلمۇ خىل ئويۇنلىرىغا مۇجەسسەملەشتۈرۈپ، كىشىلەر قەلبىگە سىڭدۈرىدۇ. كونىلارنىڭ «بالاڭنى ئاۋۋال موللىغا بەر، موللىدىن ئېلىپ مەشرەپكە بەر» دېيىشلىرىمۇ بۇ سورۇن-

نىڭ كىشىلەرنى ئەدەب ـ ئەخلاق ، مەدەنىيەت ، سەنئەت جەھەتتىن تەربىيىلەيدىغان « مەكتەپ » ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ .

مەشرەپكە ئەر ـ ئايال ، چوڭ ـ كىچىك ، ياش ـ قېرىنىڭ ھەممىسى قاتنىشالايدۇ (ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى بىلەن كېيىنكى مەزگىللەردە بەزى جايلاردا جىنسى ۋە ياش قۇرامى بويىچە سورۇن تۈزۈش شەكىللەنگەن بولسىمۇ ، لېكىن مەكتەپ ، قۇمۇل قاتارلىق جايلار ھېلىمۇ ئەنئەنىۋى شەكلىنى ساقلاپ كەلمەكتە ) .

مەشرەپنىڭ تەركىبىنى تولۇقلايدىغان مەزمۇنلار ئاساسەن مۇنۇلار :

1 . تەرتىپ ـ ئىنتىزام

بۇ مەشرەپ ئەھلىگە ئەدەپ ـ قائىدە ئۆگىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ .

بۇنىڭدا مەشرەپنىڭ تەرتىپ ـ ئىنتىزامىنى قوغدايدىغان مەشرەپ بېگى سايلىنىپ ، مەشرەپنىڭ باشتىن ـ ئاخىر قىزغىن ، كۆڭۈللۈك ئۆتۈشىنى كاپالەتلەندۈرۈپلا قالماي ، ئۇنىڭ يېڭى ـ يېڭى مەزمۇنلار بىلەن بېيىتىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ . شۇنداقلا مەشرەپ جەريانىدا يۈز بەرگەن « ئىنتىزام » غا خىلاپ « خاھىش » ( ئويۇن چىقىرىش ئۈچۈن نەق مەيداندا ئەتەي ياساپ چىقىرىلىدۇ ) لارنى تۈتقا قىلىپ ، « سەۋەنلىك » ئۆتكۈزگۈچىلەرنى « جازا » نامىنى ئالغان ھەرخىل كومېدىيىلىك ئويۇنلارنى ئويناشقا مەجبۇر قىلىپ ، مەشرەپ ئەھلىنىڭ كەيپىياتىنى تەڭشەپ ، زوقلىنىش بىلەن تەربىيىلىنىشنى ئۆزئارا سىڭىشتۈرىدۇ .

2 . مەشرەپ ئويۇنلىرى

بۇنىڭدا مەشرەپ ئەھلىنىڭ زوقلىنىشىلا مەقسەت قىلىنىپ قالماي ، خەلق ئارىسىدىكى قىزىقچىلار ، سازەندىلەر ۋە ئەلنەغمىچىلەرنىڭ كامال تاپقان ماھارەتلىرى ۋە يېڭى ئىجادىيەت نامايەندىلىرىنى كۆرەك قىلىشمۇ مەقسەت قىلىنىدۇ . شۇڭا مەشرەپ ئەزەلدىنلا خەلق سەنئەتچىلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىدىغان مەكتىپى بولۇپلا قالماي ، ھەرخىل ژانىردىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت نومۇرلىرىنى نامايان قىلىدىغان تەبىئىي سەھنىلىك رولىنىمۇ ئويناپ كەلگەن .

بىز بۇ سەھنىدىن ھازىرغا قەدەر ياڭراپ تۇرغان مۇقام ساداسىنى ، درامىنىڭ

تۈپ قانۇنىيىتى بولغان ھەرىكەت، دىئالوگ ئارقىلىق ئويۇنلىنىدىغان ھەرخىل ئويۇنلارنى، ھەييارلىق، دورامچىلىق، گەپتانلىق ئۆزئارا بىرىككەن كۈلدۈرگىلەرنى ئاڭلىغىنىمىزدا يۇقىرىقى بايانىمىزغا تەن بېرىپلا قالماي، بۇ سورۇننىڭ خىلمۇ خىل شەكىلدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت نومۇرلىرىمىزنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە مۇكەممەللىشىشىدىكى مۇقەددەس ئورنىغا تېخىمۇ قول قو-يىمىز.

## 3. ئۇسسۇل

بۇنىڭدا بېيىت ئېيتىش شەكلى بىلەن ئۆزئارا بىرىكىپ كەتكەن «پوتا ئۇسسۇلى»، «چاي تۇتۇش ئۇسسۇلى»، «گۈل سۇنۇش ئۇسسۇلى» قاتارلىق ھەرخىل ئۇسسۇل شەكىللىرى ئۆزئارا چەمبەرچاس باغلىنىپ كەت-كەن. ئۇ مەشرەپ ئەھلىنىڭ بىردەك قاتنىشىشىنى تەلەپ قىلىدىغان شوخ ساما ئۇسسۇلىغا قاراپ تەرەققىي قىلىپ، مەشرەپ كەيپىياتىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈش ئارقىلىق ئۇنى تولۇقلاشقا يول ئاچىدۇ. مانا بۇ مەشرەپنىڭ زور دەبدەبە، جۇشقۇن كەيپىيات بىلەن ئاخىرلىشىشىنى تەمىن ئېتىدىغان ئاخىرقى مەزمۇن.

ئون ئىككى مۇقاممۇ ئۆز تەركىبىدىكى ئەڭ ئاخىرقى قىسمى بولغان «مەشرەپ» قىسمىنىمۇ ئەنە شۇنداق دەبدەبىلىك، جۇشقۇن كەيپىياتتا ئا-خىرلاشتۇرۇش ئۈچۈن، مەشرەپ ئويۇنىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدىن پايدىلانغان، شۇنداقلا بۇ قىسمىنى «مەشرەپ» نامى بىلەن ئاتىغان.

ئون ئىككى مۇقام تەركىبىدىكى ئۈچ چوڭ قىسمىنىڭ بارلىققا كېلىشى-دىكى يۇقىرىقى بايانلاردىن تۆۋەندىكىچە خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇ.

① ئون ئىككى مۇقام ئەنئەنىۋى سەنئەت شەكىللىرىمىزگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن.

② ئۇ ناخشا، مۇزىكا، ئۇسسۇل قامۇسى.

③ ئۇ نەغمە، داستان، مەشرەپ شەكىللىرىنىڭ مۇجەسسەملەشكەن كۆرۈنۈشى.

ئون ئىككى مۇقام تەركىبىدىكى ئۈچ چوڭ قىسمىنىڭ ئۆزئارا

مۇناسىۋىتىمۇ شۇ ئۈچ نۇقتىنى ئورتاق يورۇتۇپ بېرىشتە كۆرۈلىدۇ.

ئەمدى ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئەينى يىللاردىلا شۇ خىل قانۇنىيەتلەر ئاساسىدا سىستېمىلاشتۇرۇلغانلىقىغا گۇمان تۇغدۇرۇپ، ئۇنىڭ مۇكەممەللىشىشىنى كەينىگە سۈرۈپ، خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلىۋاتقان بەزى قاراشلارغىمۇ نەزەر ئاغدۇرۇپ ئۆتمەي بولمايدۇ.

بۇ قاراشلارنىڭ بىرىدە مۇنداق دېيىلگەن:

«مۇقامدىكى چوڭ نەغمە بىلەن داستان ۋە مەشرەپلەر يېقىنقى يۈز يىل ئىچىدىلا بىر يەرگە توپلانغان. ئۇنىڭدىن بۇرۇن چوڭ نەغمىلەر ۋاڭ، گۇڭ، بەگلەر ۋەكىللىك قىلغان ھۆكۈمران دائىرىلەرگىلا خاس ئىدى. داستان خەلق ئامىسى ياخشى كۆرگەن بېيىتلاردىن ئىبارەت بولۇپ، مەشرەپ بولسا، ئاشىقلارنىڭ ئېيتىدىغان غەزەللىرى ئىدى. بۇنىڭدىن سەكسەن نەچچە يىل بۇرۇن قەشقەرلىق داڭلىق سەنئەتكار ھېلىم سېلىم خەلق ئىچىگە پارچە ھالدا تارقالغان داستان ۋە مەشرەپلەرنى يىغىپ رەتلەپ چىقىپ، 〈ئون ئىككى مۇقام〉غا قوشقاندىن كېيىن مۇقام بۈگۈنكى شەكلىگە كەلدى» ①.

يەنە بىرىدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

«مىلادى 1879 ـ يىلى قەشقەردە مەشھۇر خەلق سەنئەتچىسى ھېلىم سېلىم، يەركەندە خەلق سازەندىسى سېيىتۋالدى قاتارلىق كىشىلەر ئۆز يۇرتلىرىدىكى خەلق ئارىسىدا تارالغان مۇقاملارنى يەنە بىر قېتىم رەتكە سېلىپ، 〈داستان〉 بىلەن 〈مەشرەپ〉 قىسمىنى بۇرۇنقى 〈چوڭ نەغمە〉 بىلەن قوشۇپ كالۇنلاشتۇرۇپ، ھەجىم جەھەتتىن تېخىمۇ چوڭ بولغان ناخشا ـ ئۇسسۇل نەغمىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، قەشقەر ئون ئىككى مۇقامىنى بارلىققا كەلتۈردى» ②.

بىز بۇ قاراشلارغا نىسبەتەن ئۆزىمىزنىڭ يۇقىرىقى قاراشلىرىمىزنى ئون

① 1960 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئون ئىككى مۇقام» (نوتا) كىتابى، 21 ـ بەت.

② «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1982 ـ يىللىق قوشۇنچە سانىدا ئېلان قىلىنغان جوجېنباۋنىڭ ماقالىسى، 164 ـ بەت.

ئىككى مۇقامنى سىستېمىلاشتۇرۇشقا قاتناشقان شائىر ۋە ئاتاقلىق مۇقام ئۇستازى قىدىرخان يەركەندىنىڭ مۇقام ھەققىدىكى شېئىرى ئارقىلىق ئاساسلايمىز.

شېئىرنىڭ تولۇق تېكستى مۇنداق:

ھەشتارىمىز قىلسا خەندان دىيارىمىز گۈلۈستانىدا،
قوزغۇن ئۆلۈپ، بۇلبۇل كۈلەر نەغمە، مەشرەپ، داستانىدا.
ئون ئىككى چوڭ تولۇن ئايدەك دىل رىشتىگە مەشئەل ياقار،
ئۇنىڭ ئەمەس، بۇنىڭ ئەمەس، دىلكەشتىلەر بوستانىدا.

مۇقامنى مەدھىيىلەشنى ئاساس قىلغان بۇ شېئىردا، كۆرۈنۈشتە مۇقامنىڭ سېھرىي كۈچى تەسۋىرلەنگەندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ قۇرۇلما شەكلى ۋە سانى مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەن.

شېئىرنىڭ بىرىنچى مىسراسىدىكى «ھەشتارىمىز قىلسا خەندان ...» سۆزلىرىدىن مۇقام مۇقەددىمىسىنى، ئىككىنچى مىسرادىكى «... نەغمە مەشرەپ، داستانىدا» سۆزلىرىدىن مۇقامنىڭ چوڭ نەغمە، داستان، مەشرەپ قىسىملىرىنى، ھەممىنى قوشۇپ، مۇقام قۇرۇلمىسىدىكى تۆت قىسىمنى تولۇق تىلغا ئالغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز. ئۈچىنچى مىسرادىكى مۇقام سۈپەتلەنگەن «ئون ئىككى چوڭ تولۇن ئايدەك» سۆزلىرىدىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ شۇ چاغدىلا «ئون ئىككى مۇقام» نامى بىلەن ئاتالغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

بۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈشتىن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شۇنىمۇ كۆرۈپ ئېلىشقا بولىدىكى، بىزگىچە يېتىپ كەلگەن «ئون ئىككى مۇقام» ئەينى يىللاردىلا مۇقام سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىنغان. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، بۇنىڭغا شۇ چاغلاردا «ئون ئىككى مۇقام» نى تولۇقلاش، رەتلەش، سىستېمىلاشتۇرۇشقا قاتناشقان قىدىرخان يەركەندىنىڭ «ۋىسال» مۇقامى كىرگۈزۈلۈپ، «ئون ئۈچ» ياكى مەلىكە ئامانىنسانىڭ «ئىشرەت ئەنگىز»

مۇقامى قوشۇلۇپ، «ئون تۆت مۇقام» دەپ يېزىلغان بولار ئىدى. بۇنداق قىلىشتا ئۇرلانىڭ خان ئوردىسىدا تۇتقان ئورنى ۋە نوپۇزىنىڭ تامامەن يېتىدىغانلىقىنى ھېچكىم رەت قىلالمىسا كېرەك.

ئەمدى قىدىرخان يەركەندى بىلەن مەلىكە ئامانىسانىڭ ئۆز مۇقامىنى «ئون ئىككى مۇقام» تەركىبىگە نېمە ئۈچۈن قوشمىغانلىقى توغرىسىدا مۇلاھىزە قىلىپ كۆرەيلى.

بۇنىڭ سەۋەبى پەقەت ئىككى:

① «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ كلاسسىكلىق ئورنىنى ساقلاپ قېلىش.

② «مۇقام» شەكلىنى يىرىك مۇزىكا ژانىرى سۈپىتىدە راۋاجلاندۇرۇپ، مۇقام ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا يول ئېچىش.

بۇنىڭ بىرىنچى نۇقتىسىغا رىۋايەت تۈسىنى ئالغان مۇنۇ مۇلاھىزىلەر ئاساس بولىدۇ:

بىرىنچى، مۇقام سانى بىر يىلنىڭ 12 ئېيىغا تەقلىد قىلىش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن، ئون ئىككى مۇقام تەركىبىدىكى 360 نەغمە بىر يىل ئىچىدىكى 360 كۈنگە توغرا كېلىدۇ.

ئىككىنچى، ھەر بىر مۇقام ئىككى سائەتلىك بولۇپ، ھەر بىرى بىر كېچە - كۈندۈزنىڭ ھەر بىر نىسپىگە تەقسىملاشتۇرۇلغان. «ناۋا» سەھەردە ئېيتىدىغان مۇقام.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان رىۋايەتلەر ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتىنى تەرىپلەشكە قارىتىلغان بولسىمۇ، . لېكىن ئۇنى ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئەينى سانىنى ساقلاپ قېلىش جەھەتتىكى ئەينى يىللاردىكى نۇقتىئىنەزەرنى قوغداش يۈزىسىدىن بارلىققا كەلگەن دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. بۇ نۇقتىدا مەشرەپنىڭ «ساتارىم تارىغا جان رىشتىسىدىن تار ئېشىپ سالسام» دېگەن غەزىلىدىمۇ ئون ئىككى مۇقامنىڭ پۈتۈنلۈكىنى قوغداپ قېلىشتا خەلقنىڭ ئاز بولمىغان ئەجرى سىڭدۈرۈلگەنلىكى ئەكس ئەتكەن. بۇ شېئىرنىڭ مەدرىسلىرىمىزدە دەرسلىك قىلىپ ئۆتۈلۈپ كەلگەن «دىۋان مەشرەپ» دېگەن كىتابتىكى تولۇق نۇسخىسى مۇنداق:

ساتارىم تارىغا جان رىشتىسىدىن تار ئېشىپ سالسام ،
ئانىڭكىم نالىسىدىن بىۋاپانىڭ كۆڭلىنى ئالسام .
مۇقام ئالىپ ، مۇقام ئىچرە مۇقامنى دىلغا جا قىلسام ،
مۇھەببەت كويىغا سالسا ئانىڭ ئالدىدا مەن چالسام .
مۇقاملارنىڭ ئاتاسىنى ھۇسەينۇ ھەم ئەجەم دەرلەر ،
بۇلاردىن يۇقارىكىم پەردە باياتنى مەن چالسام .
باياتى ھەقتە ئاللا يادىدا چالسام پايا پەيكىم ،
كى كۆڭۈل بىناۋا بولغاننى بىلسەم ناۋا چالسام .
كەل ئى مەشرەپ قەدەھ سۇنغىل بولايلى مەستۇ مۇستەغرەق ،
بىر ئىلكىمگە كاسە تەمبۇر ، بىر ئىلكىمگە جامى مەي ئالسام .

بۇ شېئىرنىڭ تاشكەنت غاپۇر غۇلام نامىدىكى ئەدەبىيات ۋە سەنئەت نەشرىياتى تەرىپىدىن 1980 ـ يىلى نەشر قىلىنغان مەشرەپ — « دىۋان » نۇسخىسىدىكى تولۇق تېكىستى مۇنداق :

ساتارىم تارىغا جان رىشتىسىدىن تار ئېشىپ سالسام ،
ئانىڭ خۇش نالەسىدىن بىۋاپانىڭ كۆڭلىنى ئالسام .
مۇقام ئالىپ ، مۇقام ئىچرە مۇقامنى دىلغا جا قىلسام .
مۇھەببەت كۈيىگە سازلاپ ، ئانىڭ ئالدىدا مەن چالسام .
ئارالاپ چالسام « ئۇششاق » قۇ غەزەلنى سازا يەتكۈزسەم ،
سەھەرلەردە قوپۇپ مەششاتالاردىن ① پۇر زىبا چالسام .
كەل ، ئەي مەشرەپ ، قەدەھ سۇنغىل ، بولايلى مەستو مۇستەغرەق ،
بىر ئىلىكىغا كاسەئى تەمبۇر ، بىرىگە جامنى جا قىلسام .

بۇ شېئىر ئون ئىككى مۇقام تەركىبىدە مۇنداق ئېيتىلىپ كەلگەن :

ساتارىم تارىغا جان رىشتىسىدىن تار ئېشىپ سالسام ،

① مەششاتا ـ قىز ۋە كېلىنلەرنى كېيىندۈرۈپ ، ياساندۇرىدىغان مەخسۇس پەردازچى ئايال .

ئانىڭكىم نالىسىدىن بىۋاپانىڭ كۆڭلىنى ئالسام .
مۇقام چالىپ ، مۇقام ئىچرە مۇقامنى دىلگە جا قىلسام ،
مۇھەببەت كويىغا سالسا ئانىڭ ئالدىدا مەن چالسام .
مۇقاملارنىڭ ئاتاسىنى ھۇسەينۇ ھەم ئەجەم دەرلەر ،
بۇلاردىن يۇقارىكىم پەردەئى باياتىنى چالسام .
باياتى ھەقتە ئاللا يادىدا چالسام پايا پەيكىم ،
كى كۆڭگۈل بىناۋا بولغانىنى بىلسەم ناۋا چالسام .
ئارالاپ چالسام ئۇششاقنى غەزەلنى راڭقا يەتكۈزسەم ،
شەبىستانۇ سەھەرلەردە مۇشاۋىرەك ، پەنجىگاھ چالسام .
ئىراقۇ ، چەببىيات ، ئۆزھالدا پەيزىكىم يېتەر بولسا ،
تىلەپ خۇرشىدى ۋەسلىنى سۇبھى دەمدە چارىگاھ چالسام .
خۇدايىم بەرسە ھىممەتنى كەبىتۇللاغا مەن بارسام ،
ئۆتۈپ دەرياي شورىدىن مىل ئىسكەندەرنى مەن چالسام .
كەل ئەي مەشرەپ قەدەھ سۇنغىل بولايلى مەستۇمۇستەغرەق ،
بىر ئىلكىمگە ساتارۇ ـ بىر ئىلكىمگە جامۇ مەي ئالسام .

مەشرەپنىڭ مۇقام توغرىسىدىكى بۇ غەزىلىنىڭ ئۈچ خىل نۇسخىدا ئۈچ خىل مەزمۇن بىلەن تولۇقلىنىشى بىزنى ئويلاندۇرىدۇ . بىز بۇ يەردە قايسى نۇسخىنىڭ مەشرەپنىڭ ئۆز قەلىمى بىلەن يېزىلغانلىقىنى مۇقىملاشتۇرۇشنى نىيەت قىلمىساقمۇ ، لېكىن ئون ئىككى مۇقام تەركىبىي ئارقىلىق بىزگە يېتىپ كەلگەن نۇسخىنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئۈچ خىل رىۋايەتنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە بېغىشلانغانلىقىنى جەزملەشتۈرەلەيمىز . چۈنكى ئۇنىڭدا ئو ئىككى مۇقام تولۇق تىلغا ئېلىنىش بىلەن بىللە ، قايسى مۇقامنىڭ قايسى چاغدا ئېيتىلىدىغانلىقى ھەققىدە ( گەرچە تولۇق شەرھلەنگەن بولمىسىمۇ ) تىرىشچانلىق كۆرسىتىلگەنلىكى ئىپادىلەنگەن . بۇ بىزنىڭ ئون ئىككى مۇقامىمىزنىڭ 12 دىنلا ئىبارەت بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى قارىشىمىزنى ( گەرچە خەلق ئارزۇسى بىلەن تولۇقلانغان بولسىمۇ ) ئىسپاتلايدىغان ياخشى ماتېرىيال .

يۇقىرىقى مىساللارنى ئون ئىككى مۇقامنىڭ 12 دىنلا ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ۋە قوغداش يۈزىسىدىكى ئاۋام خەلقنىڭ ئىدىيۋى

بىرلىكى دېيىشكە بولىدۇ .

ئەمدى « مۇقام » شەكلىنى يىرىك مۇزىكا ژانىرى سۈپىتىدە تونۇپ ، مۇقام ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا يول ئېچىش دېگەن ئىككىنچى نۇقتىغا كېلەيلى .

بۇ ھەقتە بىزگە ھېچقانداق تارىخىي ماتېرىيال قالغان ئەمەس . لېكىن خەنزۇ تارىخچىلىرىنىڭ ھەرقايسى سۇلالىلەر دەۋرلىرىدە « غەربىي دىيار » دەپ ئاتالغان زېمىنىمىزدىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئېلىپ بېرىلغان ناخشا ـ مۇزىكىلىرىمىزنى « نەغمە » نامى بىلەن ئاتاپ كەلگەنلىكىدىن ئىبارەت بەزى مەلۇماتلار مەۋجۇت . بۇ نەغمىلەرنىڭ نامى مۇنداق بولغان : ① « قۇجۇ نەغمىسى » (ئىدىقۇت نەغمىسى ) ، ② « كۇسەن نەغمىسى » ( كۇچا نەغمىسى ) ، ③ « يۇيتيەن نەغمىسى » ( خوتەن نەغمىسى ) ، ④ « سۇلى نەغمىسى » ( قەشقەر نەغمىسى ) ، ⑤ « ئۇۋرغۇل نەغمىسى » ( قۇمۇل نەغ- مىسى ) ، ⑥ « بېشبالىق نەغمىسى » ( جىمسار نەغمىسى ) .

بۇ نەغمىلەرنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە كىرىپ بېرىشىدىكى مەلۇماتلارنىڭ بىرىدە مۇنداق دېيىلگەن :

جاڭ چيەننىڭ غەربىي دىيارغا قىلغان بىرىنچى قېتىملىق ئون ئىككى يىللىق ( 127 ـ 135 ) ساياھىتى ، بولۇپمۇ 115 ـــ 119 ـ يىللىرى ئېلىپ بارغان ئىككىنچى قېتىملىق تۆت يىللىق مۇۋەپپەقىيەتلىك سەپىرى ، جۇڭگو مۇزىكا ـ ئۇسسۇل تەرەققىياتىدا تارىخىي خاراكتېرلىك يېڭى سەھىپە ئاچقان . ئۇ غەربىي دىياردىن يالغۇزەكنى ( نەينى ) ، بۇرغىنى ۋە ئۇنى چېلىش ئۇسۇلىنى ، جۈملىدىن « مۇقدۇر نەغمىسى » كۈيىنى چاڭئەنگە ئېلىپ بارغان . خەن ۋۇ- دىنىڭ نەغمە ـ ناۋا بېگى لى يەننەن جاڭ چيەننى زىيارەت قىلىپ ، غەربىي دىيار ناخشا ـ ئۇسسۇل ، مۇزىكا سەنئىتى بىلەن تونۇشقان ھەم ئۇلارنى ئۆز- گەرتىپ ئىشلەپ ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش ھەيۋەتلىك ھەربىي ئوركېستر ھەم ساراي ئوركېسترىنى تەشكىل قىلىشى ، بولۇپمۇ « مۇقدۇر نەغمىسى » دىن پايدىلىنىپ يىگىرمە سەككىز ئاھاڭنى بىراقلا ئىجاد قىلىشى خەن سۇلالىسى سەنئىتىگە نۇرغۇن يېڭىلىقلارنى ئېلىپ كەلگەن .

يەنە بىرىدە مۇنداق يېزىلغان : « مىلادى 421 ـ يىلى غەربىي لياڭ ھا- كىمىيىتى ئاغدۇرۇلغاندا ، تاڭ چى ، لى باۋ قاتارلىقلار قۇمۇلغا كەلگەن ھەمدە

قۇمۇل ناخشا ـ ئۇسسۇل ، مۇزىكىسىنى ئۆگىنىش ، توپلاش بىلەن يىگىرمە بىر
يىلنى قۇمۇلدا ئۆتكۈزگەن . 441 ـ يىلى لى باۋ دۇنخۇاڭغا ۋالى بولۇپ ماڭغاندا
قۇمۇلدىن ئون قىسىم مۇزىكا ، ئۈچ قىسىم ئۇسسۇل ، ئون بىر خىل چالغۇ
ئەسۋابى ھەم ئوتتۇزدىن ئارتۇق قۇمۇل سەنئەتچىسىنى بىللە ئېلىپ كەتكەن .
بۇنىڭ ئىچىدە قەدىمكى قۇمۇل مۇزىكىسى 《 ئىۋىرغۇل 》 ئالاھىدە مەشھۇر
بولۇپ ، دۇنخۇاڭدا مۇزىكا مودىسى بولغان ، ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ مۇزىكا
چاڭئەندە داڭ چىقىرىپ ،ئوردا ئىچى ـ سىرتىدىكىلەرنى جەلپ قىلغان ھەمدە
ھەر قايسى جايلارغا كەڭ تارقالغان » .

يەنە بىرىدە مۇنداق دېيىلگەن : « مىلادى 609 ـ يىلى 6 ـ ئايدا سۇي
ياڭدى گەنسۇنىڭ جاڭيې دېگەن يېرىگە ساياھەتكە كەلگەندە ، ئىدىقۇت
ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خانى كيۇبوياغا ئەلچى ئەۋەتىپ ، ئىدىقۇت ناخشا ـ
مۇزىكىسىدىن ھۇزۇرلانماقچى بولغان . كيۇبويا ئۈچ يۈزگە يېقىن سەنئەتچىنى
باشلاپ جاڭيېغا بېرىپ ، توققۇز قىسىملىق مۇزىكا ئاڭلاتقان ، ئىدىقۇت ئۇس-
سۇللىرى ھەم سېرىك ـ سېھىرگەرلىكلەرنى كۆرسەتكەن . بۇنىڭغا قىزىقىپ
قالغان سۇي ياڭدى تۇرپان سەنئەتچىلىرىنى كېيىنكى يىلى يېڭى يىلغا
چاڭئەنگە تەكلىپ قىلغان .

مىلادى 610 ـ يىلى يېڭى يىلدا سۇي ياڭدىنىڭ تەكلىپى بىلەن
كيۇبويا باشلىق بەش يۈزدىن كۆپ سەنئەتكار چاڭئەنگە بارغان . چاڭئەندە
ئون بىر قىسىملىق مۇزىكا ، نۇرغۇن ناخشا ـ ئۇسسۇل ، شىر ئۇسسۇلى ،
نىقابلىق ئۇسسۇل ، سېرىك ـ سېھىرگەرلىكلەرنى ئورۇنلىغان . تۇرپان سەن-
ئەت ئۆمىكى قايتىشىدا سۇي ياڭدىغا ئالتە قىسىم مۇزىكا ، ئون بىر خىل چالغۇ
ۋە مۇزىكانت ، سېرىكچىلەرنى ھەدىيە قىلغان . شۇ يىلقى يېڭى يىل بايرىمىغا
بارغان سەنئەتچىلەر ئوتتۇز مىڭغا ، مۇزىكانتلار ئون سەككىز مىڭغا يەتكەن .
شۇنىڭدىن كېيىن ھەر يېڭى يىلدا غەربىي دىياردىن چاڭئەنگە بىر نەچچە مىڭ
سەنئەتكار ئويۇن كۆرسەتكىلى بېرىپ تۇرغان ① » .

يۇقىرىقى ئۈچ نەقىلدىن زېمىنىمىز ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ ئەينى
يىللاردىلا تاڭ قالارلىق دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ ، مۇكەممەل قۇرۇلما ، يۈك-

---

① يۇقىرىقى مەلۇماتلا « شىنجاڭ سەنئىتى » ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تەرىپىدىن تۈ-
زۈلگەن 1991 ـ يىللىق « سەنئەت كالېندارى » دىن ئېلىندى .

سەك بەدەئىيلىككە ئىگە يىرىك مۇزىكا ژانىرىنى شەكىللەندۈرۈپ بولغانلىقىنىلا
ئەمەس، بەلكى ئالەمشۇمۇل شۆھرەتكە سازۋەر بولغانلىقىنىمۇ كۆرۈۋالغىلى
بولىدۇ. سۇي ياڭدىنىڭ ھەر يېڭى يىلدا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دائىرىسى-
دىنلا نەچچە مىڭلاپ سەنئەتكارنى تەكلىپ قىلىپ تۇرۇشىنى، شۇنداقلا جاڭ
چيەننىڭ غەربىي دىيارغا قىلغان ئىككى قېتىملىق سەپىرى ئارقىلىق ئىگىلەپ
كەتكەن ناخشا - ئۇسسۇللىرىمىز ئارقىلىق جۇڭگو مۇزىكا - ئۇسسۇل
تەرەققىياتىدا تارىخىي خاراكتېرلىك يېڭى سەھىپە ئاچقانلىقىنى نەغمىلىرىمىز-
نىڭ ئەينى يىللاردىكى شان شۆھرىتىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

ئەپسۇسكى، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان نەغمىلىرىمىز تولۇقى بىلەن
ۋارىسلىق قىلىشىمىزغا ئېرىشەلمىدى.

ئۇنىڭدىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەنلىرى «خەلق ناخشىلىرى»، «سە-
نەم»، «مەشرەپ»، «ئون ئىككى مۇقام» دىن ئىبارەت شەكىللەر بىلەنلا
چەكلىنىپ قالدى.

بۇ شەكىللەر ئىچىدە «ئون ئىككى مۇقام» شەكلىلا يۇقىرىقى نەغمە-
لىرىمىزنى مۇكەممەل سىستېما ئاساسىدا قېلىپلاشتۇرۇش، راۋاجلاندۇرۇش
رولىنى ئوينىغان بولسىمۇ، لېكىن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئالتە خىل يەرلىك
نەغمىنىڭ ھەممىسىلا بۇ شەكىل بويىچە ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ
قالالىغان ئەمەس. بۇنىڭ ئىچىدە مۇقام نامى بىلەن كۆپرەك تىلغا ئېلىنىۋاتقان
«مۇقدۇر» نەغمىسىمۇ ئەنە شۇ «ئون ئىككى مۇقام» شەكلى بويىچە قې-
لىپلاشتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ھازىر بىز تىلغا
ئېلىنىۋاتقان «ئون ئىككى مۇقام» دائىرىسىدىن ئورۇن ئېلىشقا سازاۋەر بولال-
مايدۇ.

يۇقىرىقى نەغمىلەردىن «ئون ئىككى مۇقام» شەكلى بويىچە
قېلىپلاشتۇرۇلۇپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەنلىرى «تۇرپان ئون ئىككى مۇ-
قامى»، «قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامى»، «دولان ئون ئىككى مۇقامى»
(گەرچە بىزگە توققۇزىلا يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ) دىن ئىبارەت.

«ئون ئىككى مۇقام» نى بۇنىڭدىن مۇستەھناسىز دەپ قاراشقا
بولىدۇ، چۈنكى ئۇ ئۇيغۇر مۇزىكا بايلىقى ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولسىمۇ،
لېكىن راۋاجلاندۇرۇلۇش جەھەتتە مۇتلەق ئىجادىلىقتا تايىنىلغان، ئۇيغۇر

مۇزىكىچىلىقىدىكى شۇ مەزگىللەرگىچە بولغان مىلودىيە ۋە كۈي شەكلى، مۇزىكىلىق تون، رىتىم ـ ئۇدار، پۇراق، شۇۋە جەھەتلەردىن يۈكسەك تەرەققىياتىنىڭ نەمۇنىسىنى ياراتقان.

مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، يەرلىك نەغمىلەرنىڭ «ئون ئىككى مۇقام» شەكلىدە گەۋدىلىنىشىنى ئەنە شۇ كلاسسىك «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ تەسىرىدىن دەپ قاراشقا بولىدۇ.

بۇنى ئوقۇمىلىقراق چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، يەرلىك مۇقاملاردىن «تۇرپان ئون ئىككى مۇقامى» بىلەن «قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامى» نىڭ قۇرۇلمىسىغا نەزەر ئاغدۇرۇپ ئۆتسەكلا كۇپايە قىلىدۇ.

« تۇرپان ئون ئىككى مۇقامى » نى شەكىللەندۇرگۈچى ئىدىقۇت (قوجۇ) نەغمىسى توغرىسىدا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان نەقىلدىن «توققۇز قىسىم»، «ئون بىر قىسىم»، «ئالتە قىسىم» دىن ئىبارەت دېگەن مەلۇماتلارغا ئىگە بولىمىز. بۇ «قىسىم» سۆزى ھەرگىزمۇ مۇقام مەنىسىنى ئىپادە قىلالمايدۇ. دېمەكچى بولغىنىمىز، «ئىدىقۇت (قوجۇ) نەغمىسى» ھەرگىزمۇ مۇقام شەكلى بويىچە ئەمەس، پەقەت نەغمە شەكلى بويىچىلا ئالاھىدە شەكىل تۈسىنى ئالغان. بۇ «نەغمە» سۆزى بىلەن «مۇقام» سۆزىنىڭ ئوخشىمىغان مەزمۇن ۋە ئوخشىمىغان ئۇقۇمغا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىدىقۇت تەۋەلىكىگىلا خاس بولغان بۇ نەغمىلەرنىڭ توققۇز، ئون بىر، ئالتە ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ قىسىملاردىن تەركىب تېپىشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇنىڭ «تۇرپان ئون ئىككى مۇقامى» بولۇپ شەكىللىنىشى كلاسسىك «ئون ئىككى مۇقام» شەكىللەندۈرگەن «ئون ئىككىلىشىش» فورمىسىغا ئەمەل قىلىنغانلىقىنىڭ مەھسۇلى. بۇنى ئۇنىڭ ھەرقايسى يۆرۈشلىرىنىڭ ئاتىلىشى جەھەتتىمۇ كلاسسىك «ئون ئىككى مۇقام» غا يېقىنلىشىشقا تىرىشقانلىقىدىنمۇ كۆرگىلى بولىدۇ.

« تۇرپان ئون ئىككى مۇقامى » نىڭ كلاسسىك « ئون ئىككى مۇقام »

غا تەققاس قىلىنغان ناملىرى مۇنداق : ① راك ، ② چەببىيات ، ③ مۇشاۋىرەك ، ④ چارىگاھ ، ⑤ پەنجىگاھ ، ⑥ ئۇششاق ، ⑦ سابا ( سىگاھ ) ، ⑧ ناۋا ، ⑨ ئىراق ،⑩ بايات ،⑪ دولان ،⑫ يېڭى چەببىيات .

بۇ ناملار ئون ئىككى يۈرۈش دائىرىسىدىكى ھەرقايسى مۇقاملارنىڭ ئۆز تەركىبىنى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك بويىچە شەكىللەندۈرۈشتە يەرلىك مۇزىكا بايلىقىغا تەسىر كۆرسەتكەن باشقا يەرلىك مۇزىكا بايلىقىدىن پايدىلانغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن قىسمەن ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغان بولسىمۇ ، يەنىلا كلاسسىك « ئون ئىككى مۇقام » ئاتالغۇلىرىدىن يىراقلاپ كېتەلمىگەن .

لېكىن بۇ ھالەت ئۇنىڭ كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامغا ئىسىم جەھەتتىنلا يېقىنلاشقانلىقىنى بىلدۈرىدىغان ئامىل بولۇپ ، قۇرۇلما جەھەتتىن يەنىلا ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىشتا چەكلەش رولىنى ئويناليدۇ .

ئەگەر شۇنداق قىلىشقا يۈزلىنىدىغان بولسا ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ خەنزۇ تارىخچىلىرى خاتىرىلىگەن ئالتە خىل نەغمىمىزنى راۋاجلاندۇرۇش ئەمەس ، بەلكى ئۇنى يوقىتىۋېتىش بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ قالىدۇ .

لېكىن ئەجدادلىرىمىز ھەرگىز ئۇنداق قىلغان ئەمەس ، بۇنى « تۇرپان ئون ئىككى مۇقامى » نىڭ قۇرۇلمىسىدىن تولۇق كۆرۈپ ئالغىلى بولىدۇ .

« تۇرپان ئون ئىككى مۇقامى » « ئون ئىككىلىشىش » جەريانىدا ئۆز تەركىبىدىكى نەغمىلەرنى يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش نۇقتىسىدىن كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامدىن ئۆزگىچە شەكىل تۈسى ئارقىلىق سىستېمىلاشتۇرۇشقا تىرىشقان . بۇ ، ئۇنىڭ ئۆز نەغمىلىرىنى كلاسسىك « ئون ئىككى مۇقام » دىكىدەك « تەزە » ، « نۇسخا » ، « سەنەم » قاتارلىق شەكىل-

لەر بويىچە ئەمەس، بەلكى «باش چېكىت»، «يالاڭ چېكىت»، «قوش چېكىت» (توققۇز چېكىت)، «جۇلا»، «سالقات» قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق مۇكەممەللەشتۈرگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. بۇ ئوخشىماسلىق ئۇنىڭ ئىدىقۇت (قوجۇ) نەغمىلىرى» نىڭ ئەنئەنىۋى شەكلى، رىتىم ـ ئۇدار، كۈي، پۇراق ۋە ئاھاڭ جەھەتتىكى يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىش تىرىشچانلىقىدىن بارلىققا كەلگەن.

«قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامى» غا كەلسەك، ئۇمۇ «ئون ئىككىلىشىش» جەريانىدا ئىسىم جەھەتتىن كلاسسىك ئون ئىككى مۇقام ناملىرىغا تەققاس قىلىشنى ئاساس قىلغان بولسىمۇ، يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش نۇقتىسىدىن ھەرقايسى نەغمىلەرگە ئىشلىتىلگەن تېكىست ياكى شۇ تېكىستتە تەكرارلىنىدىغان نەقرات نامىنى شۇ مۇقامنىڭ نامى ئورنىدا قوللىنىشنى شەكىللەندۈرۈپ، ھەربىر مۇقامغا «كلاسسىك ئون ئىككى مۇقام» غا تەققاس قىلىنغان نام بىلەن تېكىست نامىدا بارلىققا كەلگەن يەرلىك ئاتالغۇنى بىرلىكتە ئىشلىتىشنى ئادەت قىلغان. بۇنى ئۇنىڭ «ئون ئىككىلىشىش» جەريانىدا ئاتالغۇ جەھەتتىن كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامغا يېقىنلىشىش، لېكىن يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈشكىمۇ سەل قارىمىغانلىقىدىن دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ.

«قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامى» دىكى بۇ ئالاھىدىلىك ئۇنىڭ قۇرۇلمىسىدىمۇ ئېنىق گەۋدىلىنىدۇ.

قۇمۇل مۇقاملىرى ئەسلىدە قۇرۇلما ۋە يۈرۈش شەكلى بويىچە ئون توققۇز مۇقام بولۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ بىر قىسمى (يەتتىسى) «ئىككىنچى چۈشۈرگە» نامى بىلەن ئالدىنقى مۇقامغا چېتىۋېتىلىش ئۇسۇلى بىلەن «قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامى» شەكىللەندۈرۈلگەن. بۇ تۆۋەندىكىچە جەدۋەللەشتۈرۈلدى:

| | مۇقام ئىسمى | مۇقامنىڭ ئىككىنچى ئىسمى | چۇشۇرگە (نەغمە) سانى |
|---|---|---|---|
| 1 | دۇر مۇقامى | يۇردۇم ئالەم | 17 |
| 2 | دۇرمۇقام 2 ـ چۇشۇرگە | يۇردۇم ئالەم | 13 |
| 3 | مۇستاھىزات | يالغۇز تويۇم | 13 |
| 4 | مۇستاھىزات 2 ـ چۇشۇرگە | يالغۇز تويۇم | 16 |
| 5 | خوپتى مۇقامى | خوپتى مۇقام | 19 |
| 6 | خوپتى مۇقام 2 ـ چۇشۇرگە | خوپتى مۇقام | 13 |
| 7 | چەببىيات | جانىكەم مۇقامى | 10 |
| 8 | چەببىيات 2 ـ چۇشۇرگە | جانىكەم مۇقامى | 13 |
| 9 | مۇشاۋىرەك | دەردىڭگە داگا | 13 |
| 10 | مۇشاۋىرەك 2 ـ چۇشۇرگە | دەردىڭگە داگا | 11 |
| 11 | ئۆزھال | | 13 |
| 12 | ئۆزھال 2 ـ چۇشۇرگە | | 11 |
| 13 | ئىراق مۇقامى | چوڭ دەردى يامان | 12 |
| 14 | دولان مۇشاۋىرەك | دولان مۇقامى | 11 |
| 15 | ئۇلۇغدۇر | هاي ـ هاي يۇلەڭ مۇقامى | 9 |
| 16 | راك | سايراڭ بۇلبۇلۇم | 8 |
| 17 | چارىگاھ | | 7 |
| 18 | چارىگاھ 2 ـ چۇشۇرگە | | 11 |
| 19 | دۇگا | كىچىك دەردى يامان | 9 |

يۇقىرىقى جەدۋەلدىكى 2 ــ چۇشۇرگە قوشۇلغان مۇقاملارنىڭ ئەسلىسىنى 1 ــ چۇشۇرگە، قوشۇمچىسىنى 2 ــ چۇشۇرگە دەپ ئاتىغان. لېكىن 2 ــ چۇشۇرگە نامى بىلەن ئاتالغانلىرى نەغمە سانى جەھەتتىن 1 ــ چۇشۇرگە نامى بىلەن ئاتالغان مۇقاملاردىن پەرقلەنمەيدۇ. ھەتتا بەزىلىرى 1 ــ چۇشۇرگىدىن ئارتۇغراق نەغمە سانىغا ئىگە. مەسىلەن: مۇستاھىزات مۇقامىنىڭ 1 ــ چۇشۇرگىسى ئون ئۈچ نەغمە بولسا، 2 ــ چۇشۇرگىسى ئون ئالتە نەغمىدىن ئىبارەت. 2 ــ چۇشۇرگىسى بولمىغان «چارىگاھ» ئارانلا يەتتە نەغمىگە ئىگە.

«قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامى» دىكى ئون توققۇز يۈرۈشنىڭ يۇقىرىقى ئۇسۇل بىلەن ئون ئىككىگە يىغىنچاقلىنىشى ئەلۋەتتە ئەنئەنىۋى نەغمىلىرىنى «ئون ئىككى» دىن ئىبارەت شەرتلىك سان بويىچە «مۇقام» شەكلىگە ئايلاندۇرغانلىقىنىڭ دەلىلى.

ئەينى يىللاردا «ئون ئىككى» ئىكەنلىكىگە دائىر مەلۇماتلارغا ئىگە بولغان «دولان توققۇز مۇقامى» مۇ ئەنە شۇ يىللاردا «ئون ئىككى مۇقام» ئىزى بىلەن شەكىللەنگەن يەرلىك مۇقاملارنىڭ بىر تۈرى. بۇ ① «زىل باياۋان»، ② «ئۆزھال»، ③ «راك»، ④ «مۇشاۋىرەك»، ⑤ «جۇلا»، ⑥ «بوم باياۋان»، ⑦ «سىم باياۋان»، ⑧ «خۇدەك باياۋان»، ⑨ «دوگامەت» لەردىن ئىبارەت.

بۇ «توققۇز مۇقام» نىڭ پەقەت ئۈچ يۈرۈشلا ئاتالغۇ جەھەتتىن ئون ئىككى مۇقام ناملىرىغا تەققاسلاشتۇرۇلغان بولسىمۇ، قالغان ئالتىسى يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلغۇچى «باياۋان» نامى بىلەن ئاتالغان. بۇ مۇقاملارنىڭ ھەممىسىلا كۆي شەكلى جەھەتتە يۇقىرى كۆيلۈك تىپقا مەنسۇپ بولۇپ، ھەدېگەندىلا «ھوي ــ ھوي»، «ۋاي ــ ۋاي» دېگەنگە ئوخشاش قاراتمىلىققا ئىگە يۇقىرى ئاۋازلىق سۆزلەردىن باشلىنىشى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. بۇ خىل ئالاھىدىلىكنى بىر قىسىم كىشىلەر ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ ياۋايى ھايۋانلارنى قورشاپ ئوۋلاش

جەريانىدا بىر ـ بىرىگە ماسلىشىش ئۈچۈن قوللانغان بىشارىتى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ، دەپ چۈشەندۈرىدۇ . بۇ خىل چۈشەندۈرۈش ئەقىلگە خېلى مۇۋاپىقتەك كۆرۈنسىمۇ ، لېكىن ئۇنى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ، دولان دىيارىنىڭ جۇغراپىيىۋى موھىتىغىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرمەي بولمايدۇ . دولان ئومۇمەن تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان جاي . دولان خەلقىنىڭ ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمى چۆل ـ باياۋان بىلەن كۈرەش قىلىشقا باغلانغان . بۇ خىل كۈرەش دولان خەلقىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان . دولان توققۇز مۇقامىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنىڭ « باياۋان » نامى بىلەن ئاتىلىشى مۇشۇ ۋەجىدىن بولغان .

باياۋاندا ـــ ئاسمىنى كەڭ بۇ جايدا كىشىلەر ئومۇمەن تارقاق ئولتۇراقلاشقان بولىدۇ . مۇشۇنداق شارائىتتا كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان كۆڭۈل كۈيلىرىنى ئىزھار قىلىشتا ئەلۋەتتە يۇقىرى ئاۋازدىن پايدىلىنىدىغانلىقى ئېنىق . شۇنداق ئىكەن ، يۇقىرى كۈيلۈك دولان ناخشىلىرى ۋە دولان مۇقاملىرىنىڭ باش قىسمىدىكى « ھوي ـ ھوي » ، « ۋاي ـ ۋاي » غا ئوخشاش سۆزلەرنىڭ تەكرارلىنىشىنى مەلۇم شەرت ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ، پەقەت دولان ناخشىلىرى ۋە دولان مۇقاملىرىغىلا خاس بولغان بىر خىل ئالاھىدىلىك دېيىشكە بولىدۇ .

« دولان مۇقاملىرى » نىڭ ھەرقايسى يۈرۈشى مۇقەددىمىدىن تاشقىرى « چېكىتمە » ، « سەنەم » ، « سەنەقەس » ، « سېرىلما » دىن ئىبارەت تۆت قىسىمغا بۆلۈنىدۇ . ھەر بىر قىسمى مۇكەممەل ئۇسسۇل پەدىلىرى بولۇپ ، پۈتۈن بىر مۇقامنىڭ ۋەقەلىكىنى ئىپادە قىلغۇچى مۇقىم ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى بولىدۇ . بۇ ھەرىكەتلەر ھەر بىر قىسىمدا ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ ، بىر پۈتۈن مۇقامدا پۈتۈن بىر ئۇسسۇلنى شەكىللەندۈرىدۇ . شۇڭا ، دولان مۇقامى دولان ئۇسسۇلى بىلەن زىچ بىرلەشكەن بولۇپ ، توي ـ تۆكۈن ، مەشرەپلەرنىڭ ئاساسىي نەغمىسى بولۇپ قالغان .

يۇقىرىدا «ئون ئىككى مۇقام» شەكلى بويىچە ئەنئەنىۋى نەغمىلەردىن سىستېمىلاشتۇرۇلغان ئۈچ يەرلىك مۇقامنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. بۇ مۇقاملارنىڭ بىردىنبىر ئەۋزەللىكى، يەرلىك ئەنئەنىۋى نەغمىلەرنى «ئون ئىككى مۇقام» شەكلى بويىچە ئۆستۈرۈپ ۋە سىستېمىلاشتۇرۇپ، مۇكەممەل قۇرۇلما بويىچە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىپ كېلىشكە ئاسانلىق ياراتقانلىقىدىن ئىبارەت.

بىز بۇ مۇقاملارنىڭ يەرلىك مۇزىكا بايلىقى ۋە ئالاھىدىلىكى بويىچە شەكىللەنگەن كۆپ قاتلاملىق خۇسۇسىيەتلىرى ئاساسىدا يەرلىك مۇقاملار-نىڭ «مۇقام» مەزمۇنىنى موللاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ رەڭدارلىقىغا رەڭدارلىق قوشقانلىقىنى كۆرۈپلا قالماي، شۇ مۇقامنى شەكىللەندۈرگۈچى ئەنئەنىۋى نەغمىلەرنىڭ قۇرۇلمىسى، كۈي شەكلى، رىتىم ـ ئۇدارلىرى، يەرلىك پۇراق ۋە تېكىست ئىشلىتىش ئالاھىدىلىكلىرىگە ئائىت ھەر تەرەپلىمىلىك تەتقىقات تېمىلىرىگە ئىگە بولالايمىز. دېمەك، يەرلىك مۇقاملار مەدەنىيەت تارىخىمىزنى نۇرلاندۇرۇپ تۇرغۇچى گۆھەر چىراغ، شۇنداقلا مەدەنىيەت غەزىنىمىزگە قوشۇلغان زور بايلىق.

يىللارنىڭ ئۆتۈشى «ئون ئىككىلىشىش» تىن ئىبارەت بۇ خىل مۇقام شەكلىنىڭ كەينى ـ كەينىدىن بارلىققا كېلىشىگە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. كېيىنكى مەزگىللەردە ئىلى رايونىدا بارلىققا كەلگەن ئۈچ تۈردىكى «ئون ئىككى مۇقام» بۇنىڭ دەلىلى. بۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ داستان، مەشرەپلىرى ئاساسىدا ئۆز-لەشتۈرۈپ ئىشلەنگەن «ئىلى ئون ئىككى مۇقامى». بۇ: ① راك، ② چەببىيات، ③ مۇشاۋرەك، ④ چارگاھ، ⑤ پەنجگاھ، ⑥ ئۆزھال (نالەش)، ⑦ ئەجەم، ⑧ ئۇششاق، ⑨ بايات، ⑩ ناۋا، ⑪ سىگاھ، ⑫ ئىراق (ھۇسەينى) لەردىن ئىبارەت.

2. يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن ئىلى خەلق ناخشىلىرى. بۇ ناخشا شەكلىنى ئالغان مۇقام بولۇپ، ①ئۆستەڭ ناخشىسى، ② گۈلەمخان، ③ ئورما

نـاخشىسى، ④ كوچا ناخشىلىرى، ⑤ خانلەيلۇن، ⑥ دەردىلىك يامان، ⑦ ئاھ يارەي، ⑧ ھەي ـ ھەي نادان، ⑨ گۈل قىسقان مېنىڭ يارىم، ⑩ ۋادەرىخا، ⑪ ئۆرگىلەي، ⑫ لەيلۇندىن تەركىب تاپىدۇ.

3. ئىلىنىڭ ناغرا ـ سۇناي بىلەن ئورۇنلىنىدىغان يۇرۇشلۇك ئاھاڭلىرى بولۇپ، بۇ چالغۇ ئەسۋابلاردا ئورۇنلىنىدىغان مۇقاملاردۇر. ئۇ: ① سەنەم، ② قوش سەنەم، ③ رۇخسارى، ④ گۈل رۇخسار، ⑤ گۇدۇم سارە، ⑥ مۇشاۋىرەك، ⑦ سەلىقە، ⑧ نوۋەت، ⑨ كورت، ⑩ ئۆلەن، ⑪ شاـ دىيانە(1)، ⑫ شادىيانە(2) قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مۇشۇ نۇقتىدىن « ئون ئىككى مۇقام » لىشىش ئىزى بىلەن زېمىنىمىز دائىرىسىدە بارلىققا كەلگەن مۇقاملارنى مۇنۇ تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

① چوڭ نەغمە، داستان، مەشرەپتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ قىسمىدىن تەركىب تاپقان مۇقام. بۇ كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامنىڭ قۇرۇلمىسىغا خاس تۈر بولۇپ، بۇنىڭغا يالغۇز « كىلاسىك ئون ئىككى مۇقام » لا ۋەكىل-لىك قىلىدۇ.

② نەغمە قىسمىدىنلا تەركىب تاپقان مۇقاملار. بۇنىڭغا « دولان توققۇز مۇقامى »، « تۇرپان ئون ئىككى مۇقامى » ۋە « قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامى » ۋەكىللىك قىلىدۇ.

③ داستان شەكلىدىكى مۇقاملار. بۇنىڭغا « ئىلى ئون ئىككى مۇقامى » ۋەكىللىك قىلىدۇ. زىكرى ئەلپەتتانىڭ « رۇخسارى » مۇقامىمۇ مۇشۇ تۈرگە مەنسۇپ بولىدۇ.

④ ناخشا شەكلىدىكى مۇقام. بۇنىڭغا يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن ئىلى خەلق ناخشىلىرى مەنسۇپ بولىدۇ.

⑤ چالغۇ ئەسۋابلاردا ئورۇنلىنىدىغان مۇقام. بۇنىڭغا ئىلىنىڭ ناغرا ـ سۇناي بىلەن ئورۇنلىنىدىغان يۇرۇشلۇك ئاھاڭلىرى مەنسۇپ بولىدۇ.

مانا بۇلار ئەزەلدىنلا ناخشا ـ ئۇسۇلغا ھېرىسمەن خەلقىمىزنىڭ ئۇزاق

ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ يالقۇنلۇق نامايەندىسى بولغان ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنى مۇكەممەل شەكىل تۈسى بىلەن سىستېمىلاشتۇرۇپ، مۇجەسسەملەشكەن يىرىك مۇزىكا ژانىرىنى بەرپا قىلغانلىقىنىڭ مەھسۇلىدۇر. شۇڭا بۇنى ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق، مۇقامغا يەتكەن مۇقام دەپ ھېسابلايمىز.

بۇ مۇقاملار ھەجىم جەھەتتىن مەيلى چوڭ، مەيلى كىچىك بولسۇن، شەكىل جەھەتتىن مەيلى ئۇنداق، مەيلى مۇنداق بولسۇن، مەزمۇن جەھەتتىن ھەرقايسى جاينىڭ ئەنئەنىۋى ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى مۇجەسسەملەشكەن سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەنلىكى بىلەن قىممەتلىكتۇر.

بۇ مۇقاملار ئورتاق تىل، ئورتاق ھېسسىيات، ئورتاق چالغۇغا ئىگە. ھەممىسى ئۇزاق تارىختىن بۇيان بىر پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا، سۆيۈپ ئاڭلىشىغا، ۋارىسلىق قىلىشىغا سازاۋەر بولۇپ، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئورتاق بايلىقى سۈپىتىدە تونۇلۇپ كەلمەكتە. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ مۇقاملار بارلىققا كەلگەن ئورنى، تارقىلىش دائىرىسى، شىۋە، ئۇسلۇپ جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكلىرى تۈپەيلىدىن ھەرقايسىسى ئۆزى بارلىققا كەلگەن رايون دائىرىسىگە مەنسۇپ بولۇپ، شۇ يەرنىڭ مۇزىكا بايلىقى ۋە مۇزىكا ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. شۇڭا، ئۇ ئوز ئالاھىدىلىكى بويىچە يەرلىك مۇقاملار ھېسابلىنىدۇ.

ئەلۋەتتە، يەرلىك مۇقاملارغا سېلىشتۇرغاندا، كلاسسىك ئون ئىككى مۇقام ئۇيغۇر ئومۇمىي مۇزىكىچىلىقىدىكى بارلىق ئورتاق ئالاھىدىلىكلەرنى ئۆز تەركىبىدە مۇجەسسەملىگەن، ئۇنى ئىجادىي راۋاجلاندۇرغان، ئەنئەنىۋىلىك ۋە سەنئەت گۈزەللىكىنىڭ يۈكسەك چوققىسىنى نامايان قىلغان ھەمدە تارىخى ئورنى، ئومۇملىشىش دائىرىسى، قېلىپلىشىش قانۇنىيىتى ۋە قۇرۇلما جەھەتلەردىكى ئالاھىدە مۇكەممەللىكى بويىچە بىردىنبىر ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئانا مۇقام ھېسابلىنىدۇ.

## ئىككىنچى باب

# «ئون ئىككى مۇقام» قۇرۇلمىسىدىكى ئىلمىي، نەزەرىيىۋى ئاساسلار

يۇقىرىدا ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقىدا يۈكسەك ئورۇن تۇتقان يىرىك مۇزىكا ژانىرى «ئون ئىككى مۇقام» ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى ئۈستىدە قىسمەن توختىلىپ ئۆتتۇق، ھەرقايسى تۈرنىڭ مۇزىكىلىق قۇرۇلما، مەزمۇن، كۈي ۋە مېلودىيە شەكلى، شۇنداقلا تارقىلىش دائىرىسى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە «كلاسسىك» ۋە «يەرلىك» تىن ئىبارەت چوڭ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدىغانلىقىنى بايان قىلدۇق.

مەيلى «كلاسسىك»، مەيلى «يەرلىك» تۈسىنى ئالغان بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، «ئون ئىككى مۇقام» نامىنى ئالغان مۇقاملارنىڭ ھەممىسىلا قۇرۇلما جەھەتتىكى مۇكەممەللىكى، سىستېما جەھەتتىكى ئورگانىك جىپسىلىشىشى، مېلودىيە جەھەتتىكى رەڭدارلىقى، كۈي شەكلى جەھەتتىكى كەرەشمىلىكى، رىتىم ـ ئۇدار جەھەتتىكى كۆپ خىللىقى، تېكىست ئىشلىتىش جەھەتتىكى جانلىقلىقى، شۇنداقلا ھەرقايسى بۆلەكلىرىدىكى تۇراقلىق بىلەن جانلىقلىقنىڭ ئۆزئارا بىرىكىشى قاتارلىق خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن مەدەنىيەت تارىخىمىزدا پارلاق سەھىپە ياراتقان ئەجدادلىرىمىزنىڭ يۈكسەك ئەقىل ـ پاراستىنى نامايان قىلىدۇ.

ئىنسانىيەت تەدرىجىي تەرەققىيات قانۇنى ئاساسىدا شەكىللەنگەن، مۇزىكىچىلىقىمۇ شۇنداق، بىراق، ئېلېكترون دەۋرىگە قەدەم قويغان خەلقىمىزنىڭ ئۆز ئەجدادلىرى نەچچە ئەسىر ئىلگىرىلا شەكىللەندۈرۈپ بول-

غان بۇ ئەنئەنىۋى مەدەنىي مىراس قۇرۇلمىسىنىڭ بىرەر شەكلى ئاساسىدا، ھازىر تەقلىد قىلىپ بولسىمۇ ( زىكرى ئەلپەتتادىن باشقا ) بىرەر مېلودىيىنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمىغانلىقى بەزى كىشىلەرنى گۇمانغا سېلىپ قويغاندەك قىلىدۇ. شۇ ۋەجىدىن بەزىلەر ناخشا ـ مۇزىكىچىلىقىمىزنىڭ مىلادىدىن ئىلگىرىلا پارلاق سەھىپە ياراتقان ئۆزگىچە تەرەققىيات تارىخىنى ئەستايىدىل ۋاراقلاپ باقمايلا، ئۇنىڭ مەنبەسىنى قانداقتۇر ئەجنەبىيلەر تۇپرىقىدىن ئىزدەشكە ئۇرۇنسا؛ بەزىلىرى ھەرقايسى تۆردىكى مۇقاملارنىڭ قۇرۇلما ۋە مېلودىيە شەكلى جەھەتتىكى خاسلىقلىرىنى سېلىشتۇرۇپ باقمايلا، ھەممىسىنى « بىر زاۋۇتنىڭ بىرلا خىل مېلى » دەپ ھېسابلىدى.

بۇ خىل قاراشلار « ئون ئىككى مۇقام » تەتقىقاتى بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئاستا ـ ئاستا پەسكويغا چۈشۈۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بىزنىڭ بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتىمىز تېخى ئاخىرلاشقىنى يوق.

« ئون ئىككى مۇقام » يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان ناخشا ـ مۇزىكا بايلىقىمىز ئاساسىدا شەكىللەنگەن، سىستېمىلاشقان يىرىك مۇزىكا شەكلى، ئۇ يۈكسەك ئىلمىلىك، كامىل بەدىئىي ماھارەتنىڭ مۇجەسسەملەشكەن قامۇسى.

ئۇنىڭ شەكىللەنگەن مەزگىلى بىز ئۈچۈن ھازىرچە ئانچە ئېنىق بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنى « ئون ئىككى مۇقام » قايتا رەتلەنگەن سەئىدىيە خانلىقى ( 16 ـ ئەسىر ) دەۋرىگە مەنسۇپ قىلىپ تۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئالدىدا « مۇقام » ئاتالغۇسى بولغان ئەمەس ( بۇ ئاتالغۇ « تۈركىي تىللار دىۋانى » لۇغىتىدىمۇ ئۇچرىمايدۇ ).

بىز ئۇنىڭ شەكىللىنىشىنى « ئون ئىككىلىشىش » شەكلى بىلەن ئەمەس، ئۇنىڭ ئانىسى بولغان « نەغمە » ئاتالغۇسى شەكلى بويىچە ئىلگىرى سۈرۈشنى مۇۋاپىق تاپساق، ئۇ ھالدا، گەپنى مىلادىدىن ئىلگىرىدىن باشلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

« نەغمە » لىرىمىزنىڭ ئەينى يىللاردىكى ھاياتىي كۈچى توغرىسىدا

قۇمۇل شەھەرلىك تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى جاڭ شۈيشەن ئەپەندى مۇنداق يازىدۇ: «مىلادىدىن ئىلگىرى خەن سۇلالىسىدىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ كېيىن يىللىرىغىچە غەربىي رايونىنىڭ نۇرغۇن مۇزىكىلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقالغان. ئەڭ بالدۇر تارقالغانلىرى «ئۇدۇن (خوتەن) كۈيلىرى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1 ـ ئەسىردە)، ئۇنىدىن كېيىن تارقالغانلىرى «كۇسەن (كۇچا) كۈيلىرى» (مىلادى 4 ـ ئەسىردە)، «قەشقەر كۈيلىرى» (مىلادى 5 ـ ئەسىردە)، «يۆبەن كۈيلىرى» (مىلادى 5 ـ ئەسىردە)، «ئىدىقۇت (تۇرپان) كۈيلىرى» (مىلادى 6 ـ ئەسىردە)، «ئىۋىرغۇل (قۇمۇل) كۈيلىرى». ئەڭ ئاخىرىدا تارقالغانلىرىمۇ مىلادى 8 ـ ئەسىردە تارقالغان» ①.

بۇ ماقالىدىكى «كۈيلىرى» سۆزى، بىز تىلغا ئېلىۋاتقان «نەغمە» ئاتالغۇسى بىلەن ئوخشاش مەنىدە ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ناخشا ـ مۇزىكىلىرىمىزنىڭ قەدىملىكىنى بىلدۈرۈپلا قالماي، ئۇنىڭ ئەينى يىللاردىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تەسىر كۆرسەتكەن مەزگىللىكە قارىتىلغان. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بىزنىڭ «ئون ئىككى مۇقام» لىرىمىزنىڭ ئانىسى بولغان «نەغمە» لىرىمىز مىلادىدىن ئىلگىرىلا ئۆز ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلىپلا قالماي، باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسىلىشىگىمۇ تۈرتكە بولغان. بۇنى تاڭ سۇلالىسى شائىرى يۈەن جېننىڭ «چاڭئەنگە نەزەر» ناملىق مۇنۇ شېئىرىدىن تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

بولدى ئۇيغۇرچە ياسانماق قىز ـ ئوغۇللار مەشغۇلى،
زور ماھارەت بولدى چالماق سازنى ئۇيغۇرلار سىمان.
«سۇمرۇغ ئاتەش» نىڭ ساداسى موڭ بىلەن تولسا ئەگەر،
«نەۋ باھار بۇلبۇل كۈيى» ياڭرايتتى ھەر جايدا ھامان.

---

① «ئىۋىرغۇل كۈيلىرى» نىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كۆرسەتكەن تەسىرى» ناملىق ماقالە («قۇمۇل مۇقاملىرى مۇھاكىمە يىغىنى ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» 295 ـ بەت).

ئاتقا ئۇيغۇرچە مىنىش ، زىبۇ ـ زىننەت ، تىل ئۆگىنىش ،
بولدى بەس ـ بەسلىك ھەۋەس بۇ ئەللىك يىلدىن بۇيان .

تاڭ سۇلالىسى شائىرى يۈەن جېننىڭ بۇ شېئىرى ناخشا ـ مۇزىكىلىرىمىزنىڭ تاڭ ئەھلىگە بولغان تەسىرىنىلا ئەمەس ، بەلكى قىز ـ ئوغۇللىرىنىڭ ياسىنىشىدىن تارتىپ زىبۇ ـ زىننەت تاقىشىغىچە ، ئاخىر بېرىپ ئاتقا ئۇيغۇرچە مىنىشتىن ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىشكىچە بولغان « بەس ـ بەسلىك ھەۋەس » لىرىنىڭ روشەن تارىخىي تامايەندىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ .

مۇشۇ تارىخى ئارقا كۆرۈنۈش ئاساسىدا يولداش ماۋ زېدۇڭمۇ : «ئۇيغۇر مىللىتى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا زور تۆھپە قوشقان » ① دېگەن ئىدى .

« ئون ئىككى مۇقام » نىڭ ئانىسى بولغان « نەغمە » لىرىمىزنىڭ ئەنە شۇنداق رول ئوينىشىدا باشقا مىللەتلەرنىڭ تاساددىپى قىزىقىشى سەۋەب بولۇپ قالغانمۇ ياكى ئۇنىڭ مەلۇم ئىلمى ، نەزەرىيىۋى ئاساسىي بارمۇ ؟

بۇنىڭغا جاۋاب تېپىش ئۈچۈن ، يەنە ئەينى يىللاردىكى خەنزۇ شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىغا مۇراجىئەت قىلىپ كۆرەيلى :

تاڭ شائىرى فاڭ گۈەن « چاڭئەندە يېڭى نەغمە ئاڭلاش » ناملىق شېئىرىدا مۇنداق بايان قىلىدۇ :

يېڭى كۈينى ئاڭلاپ ئۆتتۇق گۈل ئاستىدا قەدەھ تۇتۇپ ،
ئۆتتۇق يەنە چاۋاك بىلەن ھەر نەغمىگە مەدھى ئوقۇپ .
سازەندە گەر بىلمىسىمۇ چاڭئەننىڭ يول ، رەستىسىنى ،
كېلەر نەغمە بۇياقلارغا مەكتۇپلەرگە پۈتۈلۈپ .

---

① « سەيپىدىن ئەزىزى رەئىس ماۋ زېدۇڭ بىلەن بىللە بولغاندا » ناملىق ماقالە . « ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى » 1993 ـ يىللىق 25 ـ نويابىر سانى .

شېئىردىكى «كېلەر نەغمە مەكتۇپلەرگە پۈتۈلۈپ» دېگەن سۆز كىشىنى ئويلاندۇرىدۇ. چۈنكى «نەغمە» تېكىست بىلەن ئاھاڭنىڭ ئۆزئارا ئورگانىك جىپسىلىشى ئارقىلىقلا بارلىققا كېلىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ تېكىستى يېزىق بىلەن، ئاھاڭى نوتا بىلەن خاتىرىلەنگەندىلا، ئاندىن «نەغمە»نى مەكتۇپكە پۈتكىلى بولىدۇ. دېمەك، شېئىردىكى «پۈتۈش» سۆزى ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقىدا شۇ چاغلاردىلا نوتا ئىشلىتىلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. جاڭ شۈيشەننىڭ يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ماقالىسىدىكى مۇنۇ جۈملىلەر بىزنىڭ يۇقىرىقى خۇلاسىمىزنى تېخىمۇ ئېنىق دەلىللەپ بېرەلەيدۇ.

«ئۇۋرغۇل قوشاقلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىپ ئېيتىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن، ئوقۇش يۇرتىدىكى نەغمىچىلەر ۋە ئەل ئارىسىدىكى نەغمىچىلەر بەس ـ بەس بىلەن داڭلىق شائىرلارنىڭ تېكىستلىرىنى نوتىغا سېلىپ ئېيتقان. سۇڭ سۇلالىسىدىكى ۋاڭ جو 〈بىجىمەت تەزكىرىسى〉دە مۇنداق دەپ يازغان: تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى كۈيلەردە ئالدى بىلەن نوتا تۈزگەن، ئاندىن نوتىغا قاراپ ناخشا تېكىستىنى سالغان. دېمەك، ئەسەردە ئېيتىلغىنىدەك 〈نوتا تۈزۈپ تېكىستىنى تولدۇرغان〉① ...»

يۇقىرىقى جۈملىلەردىكى «نوتا تۈزۈپ تېكىستىنى تولدۇرۇش» توغرىسىدىكى سۆزلەردىن ئۇيغۇر تىلىدا ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان نەغمىلەرگە خەنزۇچە تېكىستلارنى سېلىپ ئېيتىش جەريانىدىكى قوللانغان ئۇسۇلنىلا كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئەينى يىللاردا شەكىللەنگەن نوتا ئەلۋەتتە ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ناخشا، مۇزىكىلىرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا زور تۆھپىلەرنى قوشقان ئۇيغۇرلارغا مەنسۇپ بولىدۇ.

جۇ جىنباۋ ئەپەندى «مۇقام ھەققىدە مۇلاھىزە» ناملىق ماقالىسىنىڭ «كۇسەن ۋە ئەرەب مۇزىكىسى» دېگەن قىسمىدا، كۇسەن مۇزىكىسىنىڭ ئەرەب مۇزىكىسىدىن كۆپ ئەسىر ئىلگىرىكى يۈكسەك تەرەققىياتىنى بايان قىلىپ مۇنداق يازىدۇ:

---

① يۇقىرىقى كىتاب 299 ـ بەت.

« مىسىرلىق ئەھمەد شەفىق ئەبۇ ئەۋۋاھىنىڭ « ئەرەب مۇزىكىسىنىڭ قىسقىچە تارىخى » دېگەن ئەسىرىدە « ئەرەپ مۇزىكىلىرىنى نوتىغا ئېلىش 13 ـ ۋە 14 ـ ئەسىرلەردە باشلانغان » دېيىلگەن . كۇسەن مۇزىكىسىغا كەلسەك ، تاڭ دەۋرىدىلا ئۇنىڭ نوتا كىتابلىرى بولغان ئىدى . بۇ توغرۇلۇق « ياۋ ياڭ خاتىرىلىرى » ناملىق كىتابنىڭ 12 ـ جىلدىدە : 〈 يۈەن زۇڭ خانى ھەر قايسى بەگلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە بارغاندا ، نىڭۋاڭ بېگنىڭ تومۇز ئىسسىقتا چىپ ـ چىپ تەرگە چۆمۈلگەن ھالدا كۇسەن مۇزىكىسىنىڭ نوتىسىغا قاراپ ناخشا ئېيتىپ ، دۇمباق چېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، ناھايىتى ھاياجانلانغان ھالدا : يارايسەن قېرىندىشىم ، مۇزىكا مېنى ناھايىتى مەپتۇن قىلدى ، دېدى 〉 دەپ يېزىلغان . دېمەك كۇسەن مۇزىكىسىنىڭ مىلادى 7 ـ ئەسىردىلا نوتىغا ئېلىنغان كىتابى بولغان . بۇ دەۋرىدە ئەرەبلەردە ھېچقانداق نوتا بولغان ئەمەس » ①.

ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقىدا ئەينى يىللاردىلا نوتا قوللىنىلغانلىقى ئۇيغۇر كۇيشۇناسلىقى ۋە مۇزىكىچىلىقىنىڭ 6 ـ ئەسىردىكى ئەڭ زور نامايەندىسى بولغان سۇجۇپ ( كۇچالىق ) نىڭ « ئون ئىككى تېمپېراتسىيىلىك كۇي قانۇنى » نىڭ مۇكەممەل شەكلىگە باغلاپمۇ چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ .

بۇ « ئون ئىككى تېمپېراتسىيىلىك كۇي قانۇنى » نىڭ بەش تارانە (ئاۋاز رايونى ) ، يەتتە ئاھاڭ شەكلى ( تون ) دىن ئىبارەت بولۇپ ، ھەر بىر تارانە ئۆز ئىچىدىن يەتتە ئاھاڭ شەكلىگە بۆلۈنۈپ ، ئوتتۇز بەش خىل ئاھاڭ شەكلى ھاسىل قىلىدىغانلىقى مەلۇم . ھازىر بىزدە قوللىنىلىۋاتقان « بەش تاۋۇشلۇق كۇي » شەكلىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ خىل مۇكەممەل سىستېما پەقەت نوتا ئاساسىدىلا بارلىققا كېلىدىغانلىقى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ئەمەلىيەت .

مەۋجۇت نەرسە ھەرگىزمۇ يوقىلىپ كەتمەيدۇ . گەرچە ئۇ تارىخ

---

① « شىنجاڭ سەنئىتى » ژۇرنىلى 1982 ـ يىللىق قوشۇمچە 1 ـ سان 152 ـ 153 ـ بەتلەر .

شامىلىنىڭ ئاچچىق چاڭ ـ توزانلىرى ئاستىدا بىر مەزگىل كۆمۈلۈپ تۇرۇشقا دۇچ كەلسىمۇ، يىللار شامىلىنىڭ ئۇچۇرۇشى بىلەن چاڭ ـ توزاندىن خالىي بولۇپ، يەنە ئۆزىنى نامايان قىلىشقا سازاۋەر بولالايدۇ.

هازىرقى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۇ خىل نوتىلار مۆجىزە قاتارىدا «دوڭخۇاڭ مىڭ ئۆيلىرى» دىن تېپىلغان. ئۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر كۈيلىرىگە تەئەللۇق «ئۇيغۇر ئاستا كۈيلىرى» ۋە ئىككى يۈرۈش «ئۇيغۇر» كۈيى دىققەتنى ئالاھىدە جەلپ قىلغان. بۇ كۆپلىگەن ئالىملارنىڭ ئۇزاق مۇددەت جاپالىق تەتقىق قىلىشى ئارقىلىق هازىرقى زامان نوتىسى شەكلىگە ئايلاندۇرۇلۇپ، شاڭخەي مۇزىكا ئۆمىكىنىڭ ئورۇنلىشىدا لېنتىغا ئېلىنىپ، جۇڭگو ساياھەتچىلەر نەشرىياتىنىڭ نەشر قىلىپ تارقىتىشىغا تاپشۇرۇلغان①.

يۇقىرىقى تارىخىي پاكىتلار ناخشا ـ مۇزىكىلىرىمىزنىڭ مۇكەممەل سىستېما بويىچە تاكامۇللىشىپ بېرىشىدا نوتا ئاساسىنىڭ تۈرتكىلىك رول ئوينىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇنى «ئون ئىككى مۇقام» قۇرۇلمىسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە مۇكەممەللىشىشىدىكى مۇھىم ئىلمىي ئاساسلارنىڭ بىرى دېيىشكە بولىدۇ.

نوتىنىڭ شەكىللىنىشى خۇددى يېزىق پەيدا بولۇشى بىلەن يازما ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىنى سالغۇچى پولوكلۇرنىڭ يۈكسەك ھاياتىي كۈچكە ئىگە يازما ئەدەبىياتقا يول ئاچقىنىدەك، ناخشا ـ مۇزىكىچىلىقىمىزنىڭ ئاددىي، ۋاكاللىق شەكىلدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، مۇرەككەپ قۇرۇلمىلىق ئىنسترومېنتاللىق شەكىلگە يۈزلىنىشىگە يول ئاچقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ناخشا ـ مۇزىكىچىلىقىمىزنىڭ ئەينى ئەسىرلەردىكى يىرىك نامايەندىسى بولغان «نەغمە» شەكلىنىڭ ئەينى يىللاردىلا ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى ئۈچۈن تۈرتكىلىك رول ئوينىيالىغانلىقىنى

① «قۇمۇل مۇقاملىرى مۇھاكىمە يىغىنى ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» نىڭ 306 ـ، 307 ـ بەتلىرىگە قارالسۇن.

مۇشۇ نۇقتىدىن چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ. «كۈسەن مۇزىكىسىغا كەلسەك، — دەپ بايان قىلىدۇ جۇجىڭباۋ ئەپەندى بىز تىلغا ئېلىۋاتقان نۇقتىدا قەلەم تەۋرىتىپ، — شۇ دەۋرلەردە ئۇ سۇ جۇپىنىڭ مۇكەممەللەشكەن كۈي شەكلى نەزەرىيىسىگە ئېگە ئىدى ھەمدە تەرەققىي قىلىپ، ناخشىلىق مۇزىكا، بايان مۇزىكىسى ۋە ئۇسسۇللۇق سەنەم نەغمىسىدىن ئىبارەت ئۈچ بۆلەكلىك يۈرۈشتۈرۈلگەن چوڭ نەغمە شەكلىگە ئىگە ئىدى... بۇنىڭ ئىچىدە بايان نەغمىسى بىلەن ئۇسسۇللۇق نەغمە ئىنسترومېنتاللىق مۇزىكىلار ئىدى» ①

نوتىنىڭ ئىجاد قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ناخشا ـ مۇزىكىلىرىمىزنىڭ قۇرۇلما جەھەتتىن مۇكەممەللىشىپ بېرىشى ئەينى يىللاردا كۆپلىگەن چالغۇچى، كومپوزىتورلىرىمىز، شۇنداقلا يۈكسەك ئىلمىلىققا ئىگە مەشھۇر مۇزىكا نەزەرىيىچىلىرىمىزنى ئاپىرىدە قىلدى. يۇقىرىدا بىز نامىنى قەيت قىلىپ ئۆتكەن مەشھۇر كۈيشۇناس ۋە ئۇلۇغ مۇزىكا نەزەرىيىچىسى سۇ جۇپ ئەنە شۇنداق پەخىرلىك كىشىلىرىمىزنىڭ 6 ـ ئەسىردىكى يارقىن نامايەندىلىرىدىن بىرى. ئۇنىڭ «ئون ئىككى ئىمپېراتسىيىلىك كۈي قانۇنى» نەزەرىيىسى ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقىنىڭ ئەينى يىللاردىكى كۈيشۇناسلىق سىستېمىسى ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقىنىڭ ئورتاق راۋاجلىنىشىنى مۇكەممەل نەزەرىيىۋى ئاساس بىلەن تەمىنلەپلا قالماي، باشقا مىللەت، باشقا دۆلەت خەلقلىرىنىڭ ناخشا ـ مۇزىكا تەرەققىياتىغىمۇ زور تەسىر كۆرسەتكەن. بۇنىڭغا ئەمەتجان ئەخمەدى «ئۇيغۇر مۇقاملىرى توغرىسىدا» ناملىق كىتابىدا نەقىل كەلتۈرگەن ياپونىيە مۇزىكا تارىخچىسى ياشىكا نىزونىڭ: «سۇچۇپىنىڭ 12 ـ رىتىملىق كۈي قانۇنىيىتى جۇڭگو مۇزىكىچىلىقىدا زور يېڭىلىق كەيپىيات پەيدا قىلدى. ھەتتا سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىلا ياپونىيە مۇزىكىسىغا زور تەسىر كۆرسەتتى» دېگەن سۆزى كۇپايە قىلسا كېرەك.

سۇجۇپىنىڭ «ئون ئىككى ئىمپېراتسىيىلىك كۈي قانۇنى» ئاساسىدا

---

① «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى 1982 ـ يىللىق قوشۇمچە 1 ـ سان 152 ـ، 153 ـ بەتلەر.

يۈكسەك تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ، ئۆز ئالاھىدىلىكلىرىنى ھەرقايسى ئەللەرگە نامايان قىلىشقا سازاۋەر بولغان ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقى كېيىنكى مەزگىللەردە ئۇيغۇر ـ قارلۇق ئالىمى، ئۇلۇغ سەنئەتكار ئەبۇ نەسر مۇھەممەت فارابى (870 ــ 950) نىڭ مۇزىكاشۇناسلىق جەھەتتىكى ئالەمشۇمۇل ئۇتۇقلىرىنى مول مەنبە بىلەن تەمىنلىگەن. ئۇ مۇشۇ مەنبە ئاساسىدا مۇزىكاشۇناسلىققا ئائىت ئىلمى ـ نەزەرىيىۋى تەتقىقاتلىرىنى مىسلىسىز دەرىجىدە يۈكسەلدۈرۈپ، ئۆزى ياشىغان دەۋرگە قەدەر ھۆكۈمرانلىق ئورۇننى ئىگىلەپ كەلگەن پىيـ پاگۇر (مىلادىدىن بۇرۇنقى 500 ــ 580 ـ يىللار) نىڭ مۇزىكا ھادىسىلىرىنى ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتىگە باغلاپ تەھلىل قىلغان مۇزىكا تەلىماتىنىڭ پۈتۈن قۇرۇلمىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، مۇزىكىلىق ئاۋاز بىلەن فىزىكىلىق ئاۋازنىڭ پەرقىنى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ «كىتابۇل مۇسىقۇل كەبىر» (مۇزىكا توغرىسىدا چوڭ كىتاب) ناملىق ئىككى توملۇق كىتابى مۇشۇ خىل دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە نۇقتىئىنەزەرلىرىنى نامايان قىلىدىغان ئەسەر بولۇپ، ئەينى يىللاردىلا دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ يۈكسەك باھاسىغا سازاۋەر بولغان. ئابدۇراخمان جامى «رىسالەت مۇسىقىيۇن» ناملىق ئەسىرىدە فارابىنى مۇزىكاشۇناسلىقتىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئالىم، دەپ كۆرسەتكەن. ئاكادېمىك ت. ن. قارى نىياز فارابىنى مۇزىكا نەزەرىيە ئاساسچىلىرىدىن بىرى، دەپ ھېسابلىغان. فرانسۇز ئالىمى كارادىئۇۋ فارابىنى ئەڭ مەشھۇر مۇزىكاشۇناس، دەپ تەرىپلىگەن. مەشھۇر ئالىم سارتۇن ئۇنى، ئۆز دەۋرىدە ياۋروپالىقلارنىڭ مۇزىكا نەزەرىيىسىدىن تولىمۇ ئىلگىرى كەتكەن، دەپ باھالىغان. ئەنگلىيە شەرقشۇناسى گ. فارمېر ئۆزىنىڭ «پىرسىيە سەنئىتى ھەققىدە بايان» ناملىق ئەسىرىدە فارابىنى ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ مەشھۇر مۇزىكا نەزەرىيىچىسى دېگەن ①.

سۇجۇپ، فارابىدەك جاھان مۇزىكىچىلىقىغا تەسىر كۆرسەتكەن

---

① «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن 1991 ـ يىللىق «سەنئەت كاـ لېندارى» غا قاراڭ.

ئالىملارنىڭ ئۇيغۇر مۇزىكچىلىقى ئاساسىدا شەكىللەنگەن يۈكسەك مۇزىكا نەزەرىيىلىرى «ئون ئىككى مۇقام» قۇرۇلمىسىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئىلمىي، نەزەرىيىۋى ئاساسلىرىنىڭ يەنە بىر ناماياندىسى دەپ ئاتاشقا تامامەن ھەقلىقمىز.

«ئون ئىككى مۇقام» شەكىللەنگەن XVI ئەسىردە «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە مۆجىزە بولۇپ بارلىققا كېلىشىدە ئاساسلىق رول ئوينىغۇچى بىردىنبىر ئالىم يۈسۈپ قىدىرخان ھېسابلىنىدۇ.

يۈسۈپ قىدىرخان يەركەندى يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سىياسى، ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتى گۈللەنگەن دەۋردە يەنى سۇلتان ئابدۇرىشتخان زامانىسىدا ياشىغان ئۇلۇغ ئالىم. ئۇ ئەينى زاماندا داڭلىق مۇزىكا شۇناس ھەم مەشھۇر شائىر سۈپىتى بىلەن جاھان ئەھلىگە تونۇلۇپ، ئىران، ئىراق، تەبرىز، خارىزىم، سەمەرقەنت، ئىستامبۇل، كەشمىر، بەلىخ ۋە شىراز قاتارلىق جايلاردىن ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي، ئۆزلۈكسىز كېلىپ تۇرىدىغان تالىپلارنىڭ مۇزىكا ئۇستازى بولغانلىقى بىلەنمۇ مەشھۇردۇر.

خوتەنلىك تارىخچى موللا ئىسمەتۇللا بىننى نېمەتۇللا مۆجىزىنىڭ «تاۋارىخى مۇسىقىيۇن» (مۇزىكانتلار تارىخى) ناملىق كىتابىدا قىدىرخان يەركەندى توغرىسىدا مۇنداق بايان قىلىنغان:

«قىدىرخان يەركەنلىك بولۇپ، مۇسىقى (مۇزىكا) ئىلمىدە بۇ زاتقا ئوخشاش ماھارەت كۆرسەتكەن ئۇستاز ئازدۇر. ئۇ كۆپىرەك ئەلشىر نەۋائىنىڭ غەزەلىياتلىرىنى ئوقۇيتتى. فىساغۇرۇس (فىپاگۇر) دىن كېيىن بۇ زاتقا ئوخشاش ئادەم دۇنياغا كەلمىگەندى ...».

«تاۋارىخى مۇسىقىيۇن» دا بايان قىلىنىشىچە، ئۇ راۋاپنى، ھەشتارنى كەشىپ قىلغان، «ۋىسال» مۇقامىنى ئىجاد قىلغان. «دىۋانى قىدىرى» ناملىق شېئىرلار توپلامىنى يورۇقلۇققا چىقارغان.

لېكىن ئۇنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئەسەرلىرىدىن بىزگىچە يېتىپ كەلگىنى پەقەتلا، 1985 ـ يىلى شىنجاڭ پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەرىپىدىن يەر-

كەندىن تېپىلغان « دىۋانى قىدىرى » نىڭ يىگىرمە يەتتە بەتلىك ( ئەسلىدە يىگىرمە سەككىز بەت بولۇپ ، بىرىنچى بېتى يوقالغان ) « مۇقەددىمە » سى- دىنلا ئىبارەت .

بۇ « مۇقەددىمە » نىڭ مەزمۇنى توغرىسىدا « دىۋان قىدىرىنىڭ مۇقەددىمىسى » ناملىق كىتابنى نەشرگە تەييارلىغۇچى تەتقىقاتچى مەمتىمىن يۈسۈپ مۇنداق بايان قىلىدۇ :

« قىدىرخان ئۆزىنىڭ بۇ « مۇقەددىمە » سىدە ئاز بولمىغان قەسىدىلىرىنىڭ ، باشقا جىلدلىرىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ ئۆتۈش بىلەن بىللە ، تۈرلۈك مەزمۇنلار ئىپادىلەنگەن توققۇز مۇجەللەت ( توم ) قىلىپ تۈزۈلگەن ، يەنى : 1 ـ « روھنى ئارتتۇرۇچىلىرى » ، 2 ـ « تاللانغان ۋەزىنەتلىكلىرى » ، 3 ـ « شاھانە بېيىت ۋە پايدىلىقلىرى » ، 4 ـ « لەتافەت ئارىلاش ۋە يېتىشكەنلىرى » ، 5 ـ « ئۇلۇغلاش ھېسسىياتىنى قوغدايدىغان ، كۆڭۈلگە يا- قارلىرى » ، 6 ـ « مىسلىسىز تاق بېيىتلىرى » ، 7 ـ « لەتىق ۋە راۋانلىقى مۇقەررەر مۇئەممالار » ، 8 ـ « تەبئىيلىكى ئاشكارا ۋە تۇتاش غەزەل- لەر » ، 9 ـ « رىغبەتلىنەرلىك ۋە مۆتىدىللىكلىرى » قاتارلىق ئەسەرلىرىنىڭ بارلىقىنى ئېيتقان ۋە « بۇ بېيىت ، شېئىرلار ئۆز خىلى بويىچە رەتلەندى » دەپ «مۇقەددىمە » نى يېزىشتىكى مەقسەتلىرىنى بايان قىلغان . شۇنىڭغا قارىغاندا ، قىدىرخاننىڭ دىۋانى خېلى زور ھەجىمدىكى دىۋان بولۇشى ، ھەتتا بىرنەچچە بۆلۈم بولۇشى مۇمكىن » .

قىدىرخان يەركەندى توغرىسىدىكى يۇقىرىقى بايانلار ئۇنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيەتلىرى توغرىسىدا تولۇق مەلۇمات بېرەلمىسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ ئۆز زامانىسىدىكى مۆتىۋەر شائىر ، داڭلىق مۇزىكاشۇناس ئىكەنلىكىدىن دالالەت بېرىدۇ .

لېكىن بىز ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقى تارىخىدا دەۋر بولگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە « ئون ئىككى مۇقام » نى ۋۇجۇدقا چىقارغان يۈكسەك تۆھپىسىگە ئاساسەن ، ئۇنى ئادەتتىكى ئۇلۇغلاردىن ئەمەس ، بەلكى ھەقلىق يوسۇندا

نەچچە يۈز يىلدا ئاران بىر قېتىم دۇنياغا كېلىدىغان سۇ جۇپ ، فارابىلاردەك مەشھۇر ئۇلۇغلار قاتارىغا قويىمىز .

قىدىرخان يەركەندىنىڭ ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى « ئون ئىككىلەشتۈرۈش » شەكلى بويىچە نامايان قىلىش توغرىسىدىكى ئىلمى ، نەزەرىيىۋى ئاساس ۋە قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئىلمى ، نەزەرىيىۋى يۇتۇكلىرى گەرچە بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن بولسىمۇ ، لېكىن « ئون ئىككىلىشىش » شەكلى بويىچە ۋۇجۇدقا چىقارغان « ئون ئىككى مۇقام » ى ئۇنىڭ سېھىرىي كۈچكە ئىگە ئاجايىپ ئىستېداتىنى نامايان قىلىپ بەردى .

« ئون ئىككى مۇقام » دا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان مۇكەممەللىشىش ، ئىلمىلىشىش ۋە قانۇنىيەتلىشىش جەريانىغا سىڭدۈرگەن بىباھا ئەمگەكلىرىدىن بىز قىدىرخان يەركەندىنىڭ مۇزىكا جەھەتتىن يۇكسەك نەزەرىيىۋى بىلىمگە ، زور مۇزىكا بايلىقىغا ، شۇنداقلا ئاجايىپ زور ئىجادىي كۈچكە ئىگە تالانتلىق مۇزىكا ئالىمى ئىكەنلىكىنى جەزىم قىلالايمىز .

بىز « ئون ئىككى مۇقام » ۋە ئۇنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى ئالاھىدىلىكلەرنى تۆۋەندىكى نۇقتىلار ئاساسىدا تەھلىل قىلىپ كۆرسەكلا ، بىزگە تېخىچە نامەلۇم بولۇپ كېلىۋاتقان بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا قانائەتلىنەرلىك جاۋابقا ئېرىشەلەيمىز :

1 . « ئون ئىككىلىشىش » مەسىلىسى .

ئالدىنقى بابتا « ئون ئىككىلىشىش » شەكلى بارلىققا كېلىشتىن بۇرۇن سەئىدىيە خانلىقى تەۋەسىدىن 17 ـ 19 مۇقامنىڭ توپلانغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتكەندۇق . بۇ مۇقاملار بىر ـ بىرىنى دەۋر قىلغان ھالدا شەكىللەنگەن مۇقاملارمۇ ياكى ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ، ئۆزىگە خاس كۆي شەكلى بويىچە شەكىللەنگەن مۇقاملارمۇ ؟ « ئون ئىككىلىشىش » سىستېمىسى زادى قانداق بارلىققا كەلگەن ؟

بۇنى بىرىنچىدىن ئىنتايىن مول بولغان ناخشا ـ مۇزىكا بايلىقىمىزنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىياتىنىڭ يۇكسەك مەھسۇلى دەپ ھېسابلىساق ، ئىككىنچىدىن مول مىللىي مۇزىكا بايلىقى ، چوڭقۇر ئىلمى ـ نەزەرىيىۋى ئاساس ۋە زور

ئىجادىي كۈچكە ئىگە مۇزىكا ئۇستازى قىدىرخان يەركەندىنىڭ كامالەتكە يەتكەن ئالاھىدە ئىقتىدارى، باي مۇزىكا تەسەۋۋۇرى، جاپالىق ئەمگىكىنىڭ سەمەرىلىك مېۋىسى دېيىشكە بولىدۇ.

بۇنىڭدا شۇ دەۋرگىچە يىرىك مۇزىكا ژانىرى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مۇقام (ياكى نەغمە) شەكلىدىكى ئەسەرلەرنى توپلاپ، مەلۇم سىستېما ئاساسىدا مۇجەسسەملەشتۈرۈپ «ئون ئىككىلىشىش» تىن ئىبارەت تېخىمۇ زور، تېخىمۇ مۇكەممەل بولغان يەنە بىر مۇزىكا ژانىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈش كۆزدە تۇتۇلغانلىقى ئېنىق. بۇنىڭغا «ئون ئىككى مۇقام» تەركىبىدىكى بارلىق مۇقاملارنىڭ ئوخشاش تەرتىپ بويىچە قېلىپلاشتۇرۇلغانلىقى ئىسپات بولالايدۇ. بۇ هال «مۇقام» ئاتالغۇسى بىلەن «ئون ئىككى مۇقام» ئاتالغۇسىنىڭ ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ ئىككى خىل شەكىلگە مەنسۇپ بولۇپ كەلگەنلىكىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، قىدىرخان يەركەندىنىڭ ئەينى يىللاردا ئىجاد قىلغان «ۋىسال» مۇقامى بىلەن مەلىكە ئامانىسانىڭ «ئىشرەت ئەنگىز» مۇقامى «مۇقام» شەكلى سۈپىتىدە «ئون ئىككى مۇقام» شەكلىدىن مۇستەسناسىز هالدا مەۋجۇت بولۇپ كەلمەكتە. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ زىكرى ئەلپەتتانىڭ «رۇخسارى» مۇقامى «ئون ئۈچىنچى مۇقام» ئەمەس، بەلكى «رۇخسارى مۇقامى» نامى بىلەنلا ئاتىلىپ كەلمەكتە.

2. ئون ئىككى مۇقام نەغمە شەكلىدىن تاشقىرى يەنە داستان، مەشرەپ شەكىللىرىنىمۇ ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن. بۇمۇ ئون ئىككى مۇقام قۇرۇلمىسىدىكى ئالاھىدە يېڭىلىق بولۇپ، ئۇ ئون ئىككى مۇقامنى قېلىپلاشتۇرۇلغان نەغمە، يېڭى ئاھاڭ، رېتىم - ئۇدار، مېلودىيىلەر بىلەن تەمىنلەپ، ئون ئىككى مۇقامنىڭ جەزبىدارلىقىنى ئاشۇرۇش، ئۇنىڭ مۇكەممەللەشكەن بىر پۈتۈن سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش رولىنى ئوينىدى.

3. تېكىست ئىشلىتىش جەھەتتە، ئەلنەغمىلىرىمىزدە ئەزەلدىن ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان ئاددى، راۋان خەلق قوشاقلىرى ۋە بېيىتلىرى دائىرىسىدىن هالقىپ ئۆتۈپ، نەۋائى قاتارلىق مۇتەپەككۇر، شائىرلارنىڭ ئارۇز ۋەزنى شەكلىدىكى مۇرەككەپ ۋەزنىلىك شېئىرلىرىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق ناخشىلىرىمىزدىكى ئاساسىي مېلودىيە دائىرىسىدىن هالقىپ كېتەلمەيدىغان ۋاكالىلىق قىياپەتنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئاهاڭ تەرەققىياتىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە

مۇكەممەللىششىگە يول ئېچىپ، ئۇنىڭ ئىنسترومېنتاللىق شەكلىنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ ھال ئون ئىككى مۇقامغا تېخىمۇ يېڭى قىياپەت بەخش ئېتىپ، ئۇنى بەدىئىي جەھەتتىن تېخىمۇ يۈكسەكلىككە كۆتۈردى.

ئەمدى يۈكسەك دەرىجىدە سىستېمىلاشتۇرۇلغان بۇ «ئون ئىككىلىشىش» نىڭ بىرەر ئارقا كۆرۈنۈشى بارمۇ - يوق؟ دېگەن مەسىلىنىمۇ ئويلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇ مەزگىلدە سەئىدىيە خانلىقى تەۋەسىدىن توپلانغان مۇقاملارلا ئەمەلىيەتتە ئون يەتتىدىن ئون توققۇزغا يېتىپ بارغان ئەھۋال ئاستىدا، بۇ سىستېمىلىشىشنى نېمە ئۈچۈن «ئون يەتتەلىشىش»، ياكى «ئون توققۇزلىشىش» دائىرىسىدە ئېلىپ بارماي، «ئون ئىككىلىشىش» دائىرىسىدە چەكلەپ قويىدۇ؟

بۇنىڭغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن «ئون ئىككىلەشتۈرۈش» تە بىرەر ئەھمىيەتلىك ھادىسە ياكى شەيئىگە تەقلىد قىلىشتەك سىمۋوللۇق ئۇقۇم بارمۇ- يوق، دېگەن مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئون ئىككى مۇقام توغرىسىدا ھازىرغا قەدەر ئۇنىڭ بىر يىل ئون ئىككى ئايغا تەققاس قىلىنغانلىقى، شۇڭا ئون ئىككى مۇقام تەركىبىدىكى ھەرقايسى مۇقام بىر ئاي ئىچىدىكى 30 كۈننى ئىپادىلەيدىغان 30 نەغمىدىن تەركىب تاپقانلىقى، ئۇن ئىككى مۇقامنىڭ بارلىقى قوشۇلۇپ، بىر يىل ئىچىدىكى 360 كۈننى ئىپادىلەيدىغان 360 نەغمە ھاسىل قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئاز بولمىغان مۇلاھىزە، مۆلچەر، قىياسلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بەزىلەر بۇنى رىۋايەت دەپ ئاتىدى ...

بۇ قىياسلاردا يەنە ئون ئىككى مۇقامنى سىجىل ئورۇنلاپ چىقىش ئۈچۈن توپتوغرا بىر كېچە - كۈندۈز ۋاقىت كېتىدىغانلىقى مۇقىملاشتۇرۇلۇپ، ھەر بىر مۇقامنىڭ توپتوغرا ئىككى سائەت داۋاملىشىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئەسلى نۇسخىسى ياكى رەتلەش، تولۇقلاش باسقۇچىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ، جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكەن يېڭى

نۇسخىسىغا سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندىمۇ، يۇقىرىقى مۇلاھىزىلەرنىڭ بىھۇدە ئە-
مەسلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇنى قىدىرخان يەركەندىنىڭ «مۇقام» ناملىق
شېئىرىدىكى «ئون ئىككى چوڭ تولۇن ئايدەك دىل رىشتىگە مەشئەل ياقار»
دېگەن مىسراسى تېخىمۇ مۇقىملاشتۇرىدۇ. سىمۋول خاراكتېرلىك بۇ ئوخشى-
تىش مۇقامنىڭ «ئون ئىككىلىشىش» سىستېمىسىنىمۇ، بۇ سىستېمىنىڭ بىر
يىللىق تەشكىل قىلىدىغان ئون ئىككى ئايغا تەقلىد قىلىنغانلىقىنىمۇ ئىپادىلەپ
بېرەلەيدۇ.

بۇنى ئون ئىككى مۇقام سىستېمىسىدىكى ھەرقايسى مۇقام تەركىبىدىكى
ئورتاق بىرلىككە ئىگە مۇنۇ نەغمىلەردىن ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:

1. مۇقامنىڭ چوڭ نەغمە تەركىبىي قىسمى (مۇقەددىمىدىن تاشقىرى):
① تەزە، ② تەزە مەرغۇلى، ③ نۇسخا، ④ نۇسخا مەرغۇلى، ⑤ سەلىقە،
⑥ سەلىقە مەرغۇلى، ⑦ جۇلا، ⑧ جۇلا مەرغۇلى، ⑨ سەنەم، ⑩ كىچىك
سەلىقە، ⑪ كىچىك سەلىقە مەرغۇلى، ⑫ چوڭ سەلىقە، ⑬ پەش-
رۇ، ⑭ پەشرۇ مەرغۇلى، ⑮ تەكىت.

2. مۇقامنىڭ داستان قىسمى: بۇ قىسىم ئادەتتە بىرگىچە يېتىپ
كەلگەن داستان سانىغا ئاساسەن، ئۈچتىن - بەشكىچە بولغان داستان -
مەرغۇلدىن تەركىب تاپىدۇ، دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ، لېكىن بۇ بەش داستان-
مەرغۇلغا مۇقىملاشتۇرۇلغاندىلا، ئاندىن يۇقىرىدا ئېيتىلغان مۇلاھىزىدىكى
ئۆلچەمگە ئۇيغۇنلىشىپ، بەش داستان، بەش مەرغۇلنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇشى
بىلەن جەمئىي ئون نەغمىدىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. بۇنى ھېچكىممۇ مۇقام
قۇرۇلمىسىغا مۇخالىپ كېلىدۇ دەپ ھېسابلىمايدۇ.

3. مۇقامنىڭ مەشرەپ - قىسمى: بۇمۇ بىرگىچە يېتىپ كەلگەن سانى
بويىچە ئۈچتىن - بەشكىچە بولغان ئۇسسۇل پەدىسىدىكى شوخ، جۇشقۇن
ئاھاڭلاردىن تەركىب تاپقانلىقى چۈشەندۈرۈلگەن. بۇنىمۇ يۇقىرىدىكى تەلەپ
بويىچە بەش نەغمىگە مۇقىملاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

شۇنداق بولغاندا ھەر بىر مۇقام تەركىبىدىكى ئۈچ چوڭ قىسىم جەمئىي

30 نەغمەدىن تەشكىل قىلىنغانلىقى مۇقىملاشتۇرۇلۇپ، ئون ئىككى مۇقامدىن 360 ئاھاڭ بارلىققا كەلگەن بولىدۇ. مانا بۇلار يۇقىرىدا ئېيتىلغان رىۋايەتنىڭ «رىۋايەت» ئەمەس، بەلكى، ئون ئىككى مۇقامنىڭ ھەقىقەتەنمۇ بىر يىل — ئون ئىككى ئاي، ھەرقايسى مۇقاملارنىڭ ھەرقايسى ئايلاردىكى 30 كۈنگە تەقلىد قىلىنغان ئاساستا مۇكەممەللەشتۈرۈلگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ.

ئەمدى، «ھەربىر مۇقامنى ئورۇنلاپ بولۇش ئۈچۈن ئىككى سائەت ۋاقىت كېتىدۇ، ئون ئىككى مۇقام سىجىل ئورۇنلانغاندا، تولۇق بىر كېچە - كۈندۈزدە ئاياغلىشىدۇ» دېگەن سۆزگە كەلسەك، بۇنى ئەمەلىيەت دەپ ھې- سابلاشقا بولىدۇ. چۈنكى، ھەرقايسى مۇقام يۇقىرىدا بايان قىلىنغان «يىل، ئاي، كۈن» بويىچە قېلىپلاشتۇرۇلغان بولغاچقا، ھەجىم جەھەتتىن بىر - بىرىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ، يۇقىرىقى ئۆلچەم بويىچە تولۇقلانغان مۇقاملارنىڭ لېنتىغا ئېلىنغان نۇسخىسى «رىۋايەت» تىكى بەل- گىلىمىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتكىنى يوق. بۇ ھال «رىۋايەت» تۈسىنى ئالغان تەرىپلەشلەرنىڭ ئەمەلىي ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

دەل مۇشۇ نۇقتىدىن مۇقاملىرىمىزنىڭ بۇ خىل سىستېملاشتۇرۇلۇشىدا «بىر يىل — 12 ئاي، 360 كۈن» گە تەقلىد قىلىنغانلىقىنىڭ بىرەر ئىلھام بەخش ئاساسى بارمۇ - يوق؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدىمۇ ئويلىنىپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ XI ئەسىردە ئۆتكەن يۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىرى يۇ- سۇپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق مەشھۇر داستانىدا ھاياتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى سۇ، ئوت، ھاۋا، تۇپراقتىن ئىبارەت «تۆت خىل ماددا» (تۆت تادۇ) نىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى بىلەن باغلىق ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدىغان ماتېرىيالىستىك كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قو- يىدۇ. شۇنداقلا سەييارىلارنىڭ ئورۇنلىشىشىنى كۆرسىتىشتىن تاشقىرى، ئالەم بوشلۇقىنى 12 بۇرجقا بۆلىدۇ.

بۇلار: 1. قوۋى (ھەمەل)، 2. ئۇد (سەۋر)، 3. قۇچىق (ئەسەد)،

4 . ئەرەنتىر ( جەۋزا ) ، 5 . ئارىسلان ( سۇمبۇل ) ، 6 . بـۇغـداي بېشى ( سە-
رەتان ) ، 7 . ئولگى ( مىزان ) ، 8 . چـادان ( ئـەقرەپ ) ، 9 . يـا ( هـوت ) ،
10 . ئوغلاق ( قەۋس ) ، 11 . كۆنەك ( جـەدى ) ، 12 . بـېلىـق ( دەلۋە ) .

بۇ 12 بۇرجنى ئۇچتىن تۆتكە ئايرىپ چىقىدۇ :

ئۈچ يۇلتۇز باهارنىڭ ، ئۈچى يازغىدۇر ،
قىشنىڭدۇر ئۈچىسى ، ئۈچى كۈزگىدۇر .

دېمەك ئۇيغـۇر كالېندارىنىڭ ئىلمىي ئاساسىنى نامايش قىلغۇچى بۇ نـامايەندە ئەينى يىللاردىلا خەلقىمىزنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرىنىڭ ئەمەلىي يۆنە- لىـشـىـنـى ۋاقىـت ئۆلچىمى بىلەن تىزگىنلەپ ، هەركەت قىبلىنامىسىنى ئېنىق ئۇقۇم ، توغرا سەزگۈ ، روشەن بەلگىلىمە دائىرىسىگە مەركەزلەشتۈرگەن .

بـۇ خـىـل مەركەزلەشتۈرۈش سەئىدىيە خانلىقى دائىرىسىگە قانداق يې- تىپ كەلگەن ؟

مـۇهەمـمـەت زۇنـۇن سـىـدىـق : « يـۈسـۈپ خاس هاجىپنىڭ مازىرى هەققىدە » ناملىق ماقالىسىدا مۇنداق يازىدۇ :

« سـۇلـتـان سـەئـىـدخان ، سۇلتان ئابدۇرىشتخانلار ئەتراپلىق تەربىيە كـۆرگەن ئالىم ، شائىر ، ماهىر سەركەدىلەر بولغىنى ئۈچۈن ، ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتـكـەن ئالـىملارىنىڭ ، شائىرلارىنىڭ ، سەركەردىلەرىنىڭ ، تارىختا مۇهىم رول ئويـنـىـغـان ئاتـاقـلىـق شەخسلەرىنىڭ مازارلىرىنى قايتا ياساپ ، ئىزى ئۆچۈپ كېتىشتىن ساقلاپ قالدى ...

يۈسۈپ خـاس هـاجىپنىڭ مازىرى تۇمەن دەرياسى بىلەن قىزىل دەر- يـاسـىـنـىـڭ قوشۇلۇش جايىدا بولۇپ ، كەلكۈن ئاپىتىنىڭ ۋەيران قىلىشىغا تـەھدىـدىـگـە دۇچ كـەلـگەنلىكى ئۈچۈن ، ئەسكى هىسار قەدىمى شەهىرىنىڭ شـىـمـالىدىكى پايپاقا يۆتكەپ كېلىنىپ ، هەشەمەتلىك دەرۋازا ، سەلتەنەتلىك گـۈمـبەز ، نەقىشلىك مەسچىت ۋە تىلاۋەتخانىلاردىن ئىبارەت يۇرۇشلەشتۈرۈل- گەن مازار بىنا قىلدۇردى ... » .

بـۇ بـاياندىن XI ئەسىردە ئۆتكەن بۈيۈك مۇتەپپەككۇر ، شائىرنىڭ XV

ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يۈكسەك مەرىپەتپەرۋەرلىك نۇرى بىلەن چاقنىغان سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىمۇ ئۆز تۆھپىسىگە لايىق چوڭ ئېتىبارغا ئېرىشكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئون ئىككى مۇقام سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈشتە باشتىن ئاخىر مۇتەئەسسىپ تەسەۋۋۇپچىلار بىلەن تىنىمۇ ـ تىنىغ ئېلىشىشنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر داۋاملاشتۇرغان قىدىرخان يەركەندىنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ كىشىلىك تەلىماتى ۋە كۆز قاراشلىرىنىڭ ۋارىسى ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭ مۇقام ھەققىدىكى شېئىرلىرىدىن ئېنىق كۆرۈۋپ ئالغىلى بولىدۇ.

كەچتىم مەن زامانىڭدىن،
ياخشى كىم يامانىڭدىن.
ئاق سەللە، يېشىل سەللە،
بىزار مەن تامامىڭدىن.

كەمبەغەل كىيسە كۆلانى،
شەيخلىرىڭ ئادەم ئەمەس.
ئۆلگىچە ئېيتسام مۇقامنى،
مەن ئۈچۈن ماتەم ئەمەس.

مۇقام جاھاندا تاڭنىڭ ساباسى،
جانانغا جانكى قالسۇن ساداسى.
ھىچ تەڭ كېلەلمەس بۇلبۇل ناۋاسى،
ئالەمدە يوقكى بۇنىڭ باھاسى.

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، قىدىرخان يەركەندى مۇقامنى ئەقىدىچىلىك تونىغا ئورۇنىۋالغان مەرىپەت كۈشەندىلىرىنىڭ ئەجەللىك خىرىسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تەبىئەت

قارشىنىڭ ئىنكاسى بولغان « 12 بۇرج » نۇقتىسىنەزەرىنى مۇقامنى « ئون ئىككىلەشتۈرۈش » نىڭ ئاساسى قىلدى . بۇنى ئۇنىڭ ئالدىنقى بابىمىزدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن مۇنۇ شېئىرىدىن كۆرۈپ ئالالايمىز :

هەشتارىمىز قىلسا خەندان دىيارىمىز گۈلۈستانىدا ،
قوزغۇن ئۆلۈپ ، بۇلبۇل كۈلەر نەغمە ، مەشرەپ ، داستانىدا .
ئون ئىككى چوڭ تولۇن ئايدەك دىل رىشتىگە مەشئەل ياقار ،
ئۇنىڭ ئەمەس — بۇنىڭ ئەمەس - دىل كەشتىلەر بوستانىدا .

بۇ شېئىردىكى « ئون ئىككى چوڭ تولۇن ئايدەك » دېگەن مىسرادىن ئۇنىڭ « ئون ئىككى بۇرەج » قا سىمۋول قىلىنغانلىقىنى ، « هەشتارىمىز قىلسا خەندان » ، « نەغمە ، مەشرەپ ، داستانىدا » قاتارلىقلاردىن « ئون ئىككى بۇرج » نىڭ ئۈچتىن تۆتكە ئايرىلغان باهار ، ياز ، كۈز ، قىشتىن ئىبارەت تۆت پەسىلنىڭ سىمۋۇلىنى كۆرۈپ ئالالايمىز . دېمەك ، « ئون ئىككى بۇرج » قا تەقلىد قىلىنغان ئون ئىككى مۇقام سىستېمىسى تەركىبىدىكى هەر بىر مۇقام چوڭ نەغمە ، داستان ، مەشرەپتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ قىسمىدىن تەركىب تاپقان دېيىلمەي ، باهار ، ياز ، كۈز ، قىشتىن ئىبارەت تۆت پەسىلگە سىمۋول قىلىنغان تۆت قىسمىدىن تەركىب تاپقان دەپ ئاتالسا تامامەن مۇۋاپىق بولىدۇ ① .

ئون ئىككى مۇقام قۇرۇلمىسى دائىرىسىدە ئىشلەنگەن يۇقىرىقى خىزمەتلەر ئون ئىككى مۇقام شەكلىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە زور ئىجادىي ئەمگەك سىڭدۈرۈلگەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىش بىلەن بىللە ، ئۇنىڭ ئىنتايىن زور ئىلمى ، نەزەرىيىۋى ئاساسقا قۇرۇلغانلىقىنى نامايان قىلىدۇ . مانا بۇلار مەشھۇر شائىر ، ئاتاقلىق مۇزىكا ئۇستازى قىدىرخان يەركەندىنىڭ بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن مۇزىكاشۇناسلىق جەھەتتىكى ئىلمى ، نەزەرىيىۋى ئىقتىرا-

① « مۇقەددىمە » نى مۇستەقىل بىر قىسىم سۈپىتىدە تونۇپ كېلىۋاتقانلارمۇ ئاز ئەمەس .

لىرىنىڭ ئاجايىپ ئىچكى سىرى ۋە نامايانىدىلىرى .

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئون ئىككى مۇقام ھەرقايسى ئەل ۋە خەلقلىرىنىڭ ھەر قانداق نامدىكى « مۇقام » لىرىدىن شەكىل ، قۇرۇلما ، رەڭدارلىق جەھەتتىكى خاسلىق ۋە مۇكەممەللىكى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىپ ، ئۇيغۇرلارغىلا مەنسۇپ بولغان يېگانە قىياپىتىنى نامايان قىلىپ ، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە .

شۇنىڭ بىلەن بىللە ، ئون ئىككى مۇقام بارلىققا كەلگەندىن كېيىن ، سەنئەت خۇمار خەلقىمىز ئۆز جايلىرىدىكى يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ناخشا ـ مۇزىكا ، ئەلنەغمىلىرىنى توپلاپ ، ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك مۇقاملىرىنى ئەنە شۇ ئون ئىككى مۇقام شەكلى بويىچە مۇجەسسەملەشتۈرۈپ چىقىشقا مۇۋەپپەق بولالىدى .

ئون ئىككى مۇقام شەكلى بويىچە بارلىققا كەلگەن بۇ « يەرلىك مۇقام »، لار گەرچە « ئون ئىككىلىشىش » نى شەكىل جەھەتتىنلا قوبۇل قىلغان ، قۇرۇلما جەھەتتىن كلاسسىك « ئون ئىككى مۇقام » دىكىدەك « ئون ئىككى بورج » نىڭ تۆت پەسلگە سىمۋول قىلىنىش ئارقىلىق 360 كۈننى تولۇق ئىپادىلەپ بېرىش ئالاھىدىلىكىگە ئانچە ئېتىبار قىلىپ كەتمىگەن بولسىمۇ ، لېكىن يەرلىك مۇزىكا بايلىقىنى ئۆزىگە خاس قۇرۇلما بويىچە ئىپادە قىلىپ بېرىش ئارقىلىق ، مىللىتىمىزنىڭ ئاجايىپ رەڭدارلىققا ئىگە خىلمۇخىل مېلودىيە ، خىلمۇ خىل رىتىم ـ ئۇدار ، خىلمۇخىل كۈي ، خىلمۇ خىل شىۋە ، خىلمۇ ـ خىل ھېس ـ تۇيغۇغا ئىگە كەرەشمىلىكلەرنى ئىپادە قىلغۇچى ئاجايىپ ئالاھىدىلىكلىرىنى نامايان قىلىپ بەردى .

مانا بۇ كلاسسىك « ئون ئىككى مۇقام » بىلەن يەرلىك « ئون ئىككى مۇقام » لارنىڭ ئالاھىدە پەرقى . بۇ پەرقلەرنى يەنىمۇ چوڭقۇر ، يەنىمۇ ئەتراپلىقراق چۈشىنىش ئۈچۈن تۆۋەنكى بابىمىزغا مۇراجىئەت قىلىمىز .

ئۈچىنچى باب

# « ئون ئىككى مۇقام » بىلەن يەرلىك مۇقاملارنىڭ ئورتاقلىقى ۋە پەرقى

ئورتاقلىقى ئاساسەن مۇنۇ ئىككى جەھەتتە كۆرۈلىدۇ :

① مەيلى ئون ئىككى مۇقام بولسۇن ، مەيلى يەرلىك مۇقاملار بولسۇن ، شەكلىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ھەممىسى ئون ئىككى يۈرۈشتىن ئىبارەت سىستېمىغا ئىگە بولغان بولىدۇ .

② ھەرقايسى يۈرۈشلىرىنىڭ ئۆز تەركىبىدىكى نەغمىلەرنىڭ ئاھاڭ تۈسىنى بەلگىلەيدىغان ئورتاق مىلودىيىگە ئىگە مۇقىم مۇقەددىمىسى بولغان بولىدۇ .

پەرقى ئاساسەن تۆۋەندىكى جەھەتلەردە كۆرۈلىدۇ :

1 . قۇرۇلما شەكلى ۋە ئاتىلىشى

يۇقىرىدا ئون ئىككى مۇقامنىڭ چوڭ نەغمە ، داستان ، مەشرەپتىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تۈزۈلگەنلىكىنى ، نەغمە قىسمىنىڭ مەرغۇل ۋە چۇشۇرگىلەر بىلەن ئۆزئارا تولۇقلىنىدىغان تەزە ، نۇسخا ، جۇلا ، سەنەم ، چوڭ سەلىقە ، كىچىك سەلىقە ، پەشرۇ ، تەكىت قاتارلىق يىگىرمىگە يېقىن مۇستەقىل نەغمىلەردىن تەركىب تاپقانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدۇق . مانا بۇلار ئون ئىككى مۇقامغىلا خاس بولغان قۇرۇلما شەكلى .

ئەمدى يەرلىك مۇقاملارغا كەلسەك ، ئۇ پەقەت نەغمە شەكلىدىنلا ئىبارەت بىرلا قىسىمدىن تەركىب تاپقانلىقى ، تەركىبىدىكى ھەرقايسى بۆلەك-

لەرنىڭ كۆي شەكلى بويىچە ئۆلىنىپ، چۇشۇرگە، مەرغۇللاردىن مۇستەسناسىز قۇرۇلما شەكلى ۋە ئاتالغۇ ھاسىل قىلغانلىقى بىلەن ئون ئىككى مۇقامدىن پەرقلىنىدۇ. مانا بۇلار يەرلىك مۇقاملارغىلا خاس بولغان قۇرۇلما شەكلى.

لېكىن ھەرقايسى يەرلىك مۇقاملارنىڭ قۇرۇلما شەكلىمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەر بىلەن بېيىتىلىپ، بىر - بىرىدىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ.

ئالدى بىلەن دولان مۇقاملىرىنىڭ شەكلىنى كۆرۈپ باقايلى:

بۇ مۇقاملار مۇقەددىمىدىن تاشقىرى ① چېكىتمە، ② سەنەم، ③ سەنەقەس، ④ سېرىلمادىن ئىبارەت تۆت قىسمىدىن تۈزۈلگەن، ھەربىر قىسمى بىر كۇپلېتلىق بىرلا نەغمىدىن تەركىب تاپىدۇ. ھەر بىر نەغمىگە ئىككى كۇپلېتتىن قوشاق سېلىنىپ، سىجىل ئېيتىلغاندا ھەربىر مۇقام ئون ئىككى مىنۇت ئەتراپىدا بولىدۇ①.

«قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامى» بولسا، گەرچە ئۆز تەركىبىدىكى مۇقاملارنى «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ ئاتىلىشىغا يېقىنلاشتۇرۇشقا ئىنتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن، ھەرقايسى مۇقام ۋە ئۇنىڭ تەركىبىدىكى نەغمىلەرنى تېكىست نامى ياكى نەقراتى بويىچە ئاتاشنى شەكىللەندۈرگەنلىكى بىلەن ئۆزىگە خاس يەرلىك ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرگەن. بۇنىڭدىكى مۇقامناملىرى ئالدىنقى ماۋزۇدا ئېيتىپ ئۆتتۇلگەچكە، بۇ يەردە ئۇنىڭ نەغمە قىسمىدىكى ھەرقايسى بۆلەكلىرىنىڭ ئاتىلىشىنى جەدۋەللەشتۈرىمىز.

«راك» مۇقامى (سايراڭ بۇلبۇلۇم) نىڭ نەغمە ئاتالغۇلىرى②.

---

① شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، 1986 - يىلى لېنتىغا ئالغان نۇسخىسى بويىچە تۈزۈلدى.

② باشقا مۇقاملارنىڭ نەغمە ئاتالغۇلىرىمۇ مۇشۇ شەكىلدە داۋاملىشىدۇ. بۇ شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى تەرىپىدىن 1975 - يىلى لېنتىغا ئېلىنغان نۇسقا ئاساسىدا تۈزۈلدى.

| № | نامى | تېكستى | كوپلېت سانى |
|---|---|---|---|
| 1 | مۇقەددىمە | ئانادەك مېھرىبان قايدا | 2 |
| 2 | سايراڭ بۇلبۇلۇم | سايراڭ بۇلبۇلۇم گۈلنىڭ بەرگىدە | 2 |
| 3 | ئاتاڭ قىچقاردىمۇ كەكلىك | ئاتاڭ قىچقاردىمۇ كەكلىك | 2 |
| 4 | شەرۋازى قۇربانىڭ بولاي | ( بۇ قايتارما نامدا ئاتالغان ) | 2 |
| 5 | كىچىك شەرۋازى قۇربانىڭ بولاي | ( بۇ قايتارما نامدا ئاتالغان ) | 3 |
| 6 | جان گۈلچەرىخان | ( بۇ قايتارما نامدا ئاتالغان ) | 2 |
| 7 | مەستان داغىمەي | ( بۇ قايتارما نامدا ئاتالغان ) | 3 |
| 8 | هايت قىلىدۇ ـ هويت قىلىدۇ | ( بۇ قايتارما نامدا ئاتالغان ) | 2 |
| 9 | ئەسلەيخان | ( بۇ قايتارما نامدا ئاتالغان ) | 2 |

ئەمدى « تۇرپان ئون ئىككى مۇقامى » غا كەلسەك ، ئۇنىڭ نەغمە شەكىللىرىنىڭ ئاتىلىشى يەنە ئۆزىگە خاسلىقنى ئىپادىلەيدۇ . بۇنى تۆۋەندىكىچە خەدۋەللەشتۈرىمىز :

« مۇشاۋىرەك » مۇقامىنىڭ نەغمە ئاتالغۇلىرى ① .

① شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ 1977 ـ يىلى لېنتىغا ئالغان نۇسخىسى ئاساسىدا تۈزۈلدى .

| № | نامى | تېكىستى | كوبلېت سانى |
|---|---|---|---|
| 1 | مۇقەددىمە | ئىدەتسىز ھەمدىلەر ئەيتاي خۇدايا يۈز زىبان بىرلەن | 7 |
| 2 | باش چېكىت | ھەمدۇ سانانى ئەيتاي خۇداغا | 17 |
| 3 | يالاڭ چېكىت | تاغدىكى كىيىك بالىسى سەنمۇ يېتىم ، مەنمۇ يېتىم | 3 |
| 4 | جۇلا | يار دەيدۇ يانا دەيدۇ ، يار قەدرىنى بىلمەيدۇ | 7 |
| 5 | سەلقات | ئۇنداق ئەتمەگلار مېنى ، مۇنداق ئەتمەگلار مېنى | 7 |

بۇ مۇقام گەرچە بەش نەغمە شەكلىدىن تەركىب تاپقان بولسىمۇ ①، تېكىست ئالمىشىش ئاساسىدا كۆي ئۆزگىرىشى ھاسىل قىلىپ، ئۆز تەركىبىدە جەمئىي ئوتتۇز ئۈچ ئاھاڭ شەكىللەندۈرىدۇ. لېكىن «تۇرپان ئون ئىككى مۇقامى» نىڭ ھەممىسىلا ئۆز تەركىبىدە بۇنچىلىك ئاھاڭ ۋە نەغمىلەرنى تولۇقى بىلەن ساقلاپ قالالمىغان. بۇ ۋارىسلىق قىلىش جەريانىدىكى ئۈزۈكچىلىكنىڭ كاساپىتى، خالاس. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان نەغمىلەرنىڭ كۆپلۈكى، مېلودىيە، كۆي شەكلى، رىتىم ـ ئودار جەھەتتىكى رەڭدارلىقى، ھەربىر ئاتالغۇ تەركىبىدىكى تۈرلىنىشلەرنىڭ يېڭىدىن يېڭى ئاھاڭ پەيدا قىلىدىغان ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن قۇرۇلما جەھەتتىن باشقا يەرلىك مۇقاملارغا نىسبەتەن يەنىلا زور ھەجىملىك مۇقام ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ھەر بىر يۈرۈشى سىجىل ئېيتىلغاندا قىرىق بەش ـ ئەللىك مىنۇتتا تۈگەيدۇ.

① باشقا يۈرۈشلەردە يۇقىرىقى بۆلەكلەردىن تاشقىرى «قوش چېكىت»، «توققۇز چېكىت» لەرمۇ ئۇچرايدۇ.

يۇقىرىقىلار يەرلىك مۇقاملارنىڭ ئون ئىككى مۇقام بىلەن قۇرۇلما جەھەتتىكى پەرقىنى ئىپادىلەپلا قالماي، يەرلىك مۇقاملارنىڭمۇ قۇرۇلما جەھەتتىكى ئۆزئارا پەرقىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ئالاھىدىلىكلەر.

2. تېكىست ئىشلىتىش ۋە رىتىم ـ ئۇدار جەھەتتىكى پەرق

ناھايىتى ئېنىقكى، تېكىست مەزمۇنى ۋە ۋەزىن شەكلى مۇزىكا ئىجادى-يەتچىلىرى ئۈچۈن مىلودىيە ۋە رىتىم ـ ئۇدار جەھەتتىكى دەسلەپكى ئىلھاملىنىشنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. كومپوزىتور گەرچە مۇشۇ ئاساستا پەيدا بولغان دەسلەپكى ئىلھامى ئۈستىدە قايتا ـ قايتا ئىزدىنىشلەر ئېلىپ بارسىمۇ، قايتا ـ قايتا پىششىقلاپ ئىشلىسىمۇ، ئۇنىڭ مىلودىيە ۋە رىتىم ـ ئۇدارلىرى تېكىست مەزمۇنى بىلەن ۋەزىن شەكلىنىڭ ئىلھام بەخش ئاساسىدىن يىراقلاپ كېتەلمەيدۇ. بۇ بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، تېكىست مەزمۇنى بىلەن ۋەزىن شەكلى ئاھاڭنىڭ خاراكتېرىنى بېكىتىدۇ. شۇڭا تارىختىن بۇيانقى مۇزىكا تەرەققىياتى ئۆز مەزمۇنىنى ئىپادىلەش جەھەتتە شېئىرىيەتتىكى كۆپ خىل شەكىللەرگە يۈرۈش قىلىش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن.

ئون ئىككى مۇقامنىڭ تېكىستلىرىنى ۋاراقلىغان كىشى ئۇنىڭ پۈتۈن-لەي دېگۈدەك كىلاسسىك شائىرلارنىڭ ئارۇز ۋەزنىدىكى ھەر خىل بەھىرلىك شېئىرلىرىدىن تەركىب تاپقانلىقىنى كۆرەلەيدۇ. بۇ ھال ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە خاس مۇزىكىلىق قۇرۇلما ھاسىل قىلىش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتە تېكىست مەزمۇنى بىلەن ۋەزىن شەكلىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

تۆۋەندە ئارۇز ۋەزنىدىن ئىبارەت بۇ شەكىل ۋە ئۇنىڭ بەھىرلىرى بىلەن قىسقىچە تونۇشۇپ ئۆتەيلى.

ئارۇز ۋەزنى ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ئارۇز (ھازىرقى مەككە شەھىرىنىڭ قەدىمى نامى) دا بارلىققا كەلگەن. ئۇنىڭ «ئارۇز» نامى بىلەن ئاتىلىشىمۇ، شۇ شەھەردە بارلىققا كەلگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ خىل شەكىلنى «ئارۇز قائىدىسى» نامى بىلەن چۈشەندۈرۈش ئادەتكە ئايلانغان. بۇ شەكىلنىڭ بىزگە قاچان ۋە قانداق كىرگەنلىكىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ

شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئۆزۈن يىللىق تارىخقا ئىگە ئەنئەنىۋى شەكىللىرىدىن بې-
رىگە ئايلانغان . ئۇ يازما ئەدەبىياتىمىزدىلا گەۋدىلىنىپ قالماي ، خەلق ئېغىز
ئەدەبىياتىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان . مەسىلەن :

مەن يىراقتىن يارنى كۆردۈم ،
يار مېنى كۆردىمكىن ؟
بار جېنىمغا ئوت تۇتاشتى ،
يار ئۇنى بىلدىمكىن ؟

قىزارىپ تەنگە سىغماسمەن ،
مەگەر كۆرسەم جامالىڭنى .
جاھان ئەھلىگە بەرمەسمەن ،
سېنىڭدەك جورى خانىمنى .

ئارۇز ۋەزىنى بەھىرلىرىنى قەدىمىي كىتابلاردا ئون بەش خىل دەپ ئا-
تاپ كەلگەن . ئۇلار مۇنۇلار :
تەۋىل ، مەدىد ، بەسىت ، ۋافىر ، كامىل ، ھەزەج ، رەجەز ، رەمەل ،
سەرىئ ، مۇنسەرىھ ، خەفىپ ، مۇزارىئ ، مۇقتەسەب ، مۇجتەس ، مۇتەقارىب .
بۇلارنىڭ ئىچىدە كۆپ قوللىنىدىغانلىرى ھەزەج ، رەجەز ، رەمەل بو-
لۇپ ، بۇلارنىڭ ئورتاق نامى « مۇۋتەلىپە » دېيىلىدۇ . ئەمدى مۇقام
تېكىستلىرى تەركىبىدىن ئورۇن ئالغان مۇشۇ ئۈچ تۈر بىلەن تونۇشۇپ ئۆ-
تەيلى :
1 ) . ھەزەج بەھرى
ھەزەج ئاساسەن مەپا ئىيلۇننىڭ تەكرارلىنىشى .
① شەكلى :
بۇ مەپائىيلۇننىڭ ھەر بىر مىسرادا تۆت قېتىم تەكرارلىنىشىدىن
تۈزۈلگەن بولۇپ ، ھەزەجنىڭ سالىم ( سالامەت ) شەكلىدۇر . بۇ ئاساسەن

مۇقام مۇقەددىمىلىرىدىن ئورۇن ئالغان. چوڭ نەغمە، داستان، مەشرەپ قىسىملىرىدىمۇ كۆرۈلىدۇ.

مىسال:

ساتارىم تار/ىگە جان رىش/تىسىدىن تار/ئىشىپ سالسام/،
ئانىڭكىم نا/لىسىدىن بە/ۋاپانىڭ كۆڭ/لىنى ئالسام/.
(ماپائىلۇن + ماپائىلۇن + ماپائىلۇن + ماپائىلۇن)
(قايتا رەتلەنگەن «راك» مۇقامى مۇقەددىمىسى)

مۇزەھھەپ ئەي/لىگەن پەيكان/لىرىڭ جىسمىم/ئارا ھەريان/.
دىمە ياش چەك/تىكىم/ چەكتى زابانە شۇئ/لەئى ھىجران/.
(ماپائىلۇن + ماپائىلۇن + ماپائىلۇن + ماپائىلۇن)
(تۇرداخۇن ئاكا لىنتىغا بەرگەن «مۇشاۋىرەك» نىڭ تەزىسى)

كۆزۈڭ غەم قەت/لىگە ھەييۇ/ بالا جاللا/دى قاشىمدا/،
جۇنۇن زەنجى/رى بوينۇمدا/ سىياسەت تا/غى باشىمدا/.
(ماپائىلۇن + ماپائىلۇن + ماپائىلۇن + ماپائىلۇن)
(تۇرداخۇن ئاكا لىنتىغا بەرگەن «چەببىيات» نىڭ 3 ـ داستانى)

ئەگەر سەن خا/نى خاقانسەن/ ئۆلەرسەن ئا/قىبەت بىر كۈن/،
ۋەگەرسەن شا/ھى سۇلتانسەن/ ئۆلەرسەن ئا/قىبەت بىر كۈن/.
(ماپائىلۇن + ماپائىلۇن + ماپائىلۇن + ماپائىلۇن)
(تۇرداخۇن ئاكا لىنتىغا بەرگەن «ئۇششاق» نىڭ 2 ـ مەشرىپى)

② . شەكلى

ئىككى تۇراقنىڭ بىشى كەمتۈك تۆت تەكرارلىنىشى
(مەپئۇلۇن + مەپائىلۇن + مەپئۇلۇن + مەپائىلۇن)

بۇ چوڭ نەغمە قىسمىنىڭ ئاھاڭلىرىدىنلا ئورۇن ئالغان. مى-سال:

باغ ئىچرە / ساڭا ساچتى / گۈل ئاقۇ / يېشىل ياپراق / ،
شاھ باشى / غا ئانداقكىم / ئەل ئاقۇ / سېرىق يارماق / .
( مەپئۇلۇن + مەپائىلۇن + مەپئۇلۇن + مەپائىلۇن )

( تۇرداخۇن ئاكا لېنتىغا بەرگەن « راك » نىڭ كىچىك سەلىقىسى ، «ئۇششاق » نىڭ تەزىسى )

③ شەكلى :

مەپائىيلۇن / مەپائىيلۇن + مەپائىل
كۆڭۈلگە نە / يوقۇ ـ نەبا / رىم كىلۇر /.
نەيادىمغا / خىشۇ ، تابا / رىم كېلۇر / .

( تۇرداخۇن ئاكا لېنتىغا بەرگەن « چەببيات » نىڭ 2 ـ داستانى )

④ شەكلى :

مەپئۇلۇن + مەپائىلۇن + مەپائىلۇن + پەئلۇن
دۇنياغا / كېلىپ رەنج ، بالا / نى كۆرۈپ / ئۆتتۇم /
ئول رەنج با / لا شىددەتىدىن ئۆرگۈلۈپ / ئۆتتۇم /

(تۇرداخۇن ئاكا لېنتىغا بەرگەن « ئۇششاق » نىڭ 3 ـ داستانى )

2) . رەجەز بەھرى

رەجەز ئاساسەن مۇستەپئىلۇننىڭ تەكرارلىنىشى .

① شەكلى :

ھەر بىر مىسرادا مۇستەپئىلۇننىڭ تۆت قېتىم تەكرارلىنىشى . بۇ رەجەز- نىڭ سالىم شەكلى .

مۇستەپئىلۇن + مۇستەپئىلۇن + مۇستەپئىلۇن + مۇستەپئىلۇن .
باغۋەن بولۇپ / باغىڭ ئىچرە / تەرسەم تازا / گۈللەرىڭدىن /
ئېگەم سېنى / خۇش ياراتمىش / ئەگسەم نازۇك / بەللەرىڭدىن /

( تۇرداخۇن ئاكا لېنتىغا بەرگەن « مۇشاۋرەك » نىڭ 3 ـ داستانى )

3) . رەمەل بەھرى

بۇ ئاساسەن پائىلاتۇننىڭ تەكرارلىنىشىدىن ئىبارەت .

① شەكلى :

بۇ پائىلاتۇنىنىڭ ھەر بىر مىسراسىدا تۆت قېتىم تەكرارلىنىشىدۇر .

پائىلاتۇن + پائىلاتۇن + پائىلاتۇن + پائىلاتۇن

يۇرت قەدرىنى / شاھلار بىلمەس / باشقا يۇرتقا / چۇشمەگۇنچە /

ياخشى ئەرنىڭ / قەدرىن بىلمەس / بىر يامانغا / چۇشمەگۇنچە / .

( تۇرداخۇن ئاكا لېنتىغا بەرگەن « ئۇششاق » نىڭ 2 ـ داستانى )

② شەكلى :

پائىلاتۇنىنىڭ ئاخىرىقىسى كەمتۈك تۆت تەكرارلىنىشىدۇر .

پائىلاتۇن + پائىلاتۇن + پائىلاتۇن + پائىلۇن .

ئاھكىم ئول / ئاشىنا بە/گانە بولدى / ئاقىبەت / .

ھىجرىدىن بە/خۇتلۇقۇم ئەپ/سانە بولدى / ئاقىبەت .

( تۇرداخۇن ئاكا لېنتىغا بەرگەن « بايات » نىڭ سەنىمى )

③ شەكلى :

پائىلاتۇنىنىڭ ئاخىرىقىسى كەمتۈك ئۈچ تەكرارلىنىشىدۇر .

پائىلاتۇن + پائىلاتۇن + پائىلۇن

ئى يارانلەر / كۆپتۇر كۆڭلۇم / ئارمانى /

مۇرادىمنى / بىر ئاللادىن / تىلەرمەن / .

ھەق ئۆزىدۇر / جۇملە دەردىنىڭ / دەرمانى /

زارى ئەيلەپ / رەببەنادىن / تىلەرمەن / .

(تۇرداخۇن ئاكا لېنتىغا بەرگەن « ناۋا » نىڭ 2 ـ داستانى )

يۇقىرىدا ئون ئىككى مۇقام تېكىستلىرىنىڭ يازما ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى شەكلى ئارۇز ۋەزنىنىڭ ھەزەج ، رەجەز ، رەمەت بەھىرلىرىنىڭ كۆپلىگەن شەكىللىرىدىن تەركىب تاپقانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق . بۇ شەكىللەردىكى نازۇك ۋە مۇرەككەپ خىلمۇخىل ۋەزىنلەر تەبىئىي ھالدا مۇقام ئاھاڭلىرىنىڭ رىتىم ـ ئۇدارلىرىدا ئۆزگىرىش ياساپ ، مېلودىيىنىڭ ھېسسىيات

ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى ئۈستۈرۈپلا قالماي، شېئىر مەزمۇنى ۋە ۋەزنىگە ئاساسەن قايتا ئىجادىيەت باسقۇچىدىن ئۆتۈشكىچە ئېلىپ بارىدۇ. ئون ئىككى مۇقامنىڭ ھەر بىر يۈرۈشىدىكى بىر خىل تېما ئاستىدىكى بۆلەكلىرىنىڭ ئاھاڭ جەھەتتىن باشقا ـ باشقا بولسىمۇ، كۈي شەكلى، پۈراق، رىتىم ـ ئۇدار جەھەتلەردىن ئوخشاش بولۇشتەك قانۇنىيەتلىك باغلىنىشنى شەكىللەندۈرۈشى ئەنە شۇ شېئىر مەزمۇنى ۋە شېئىر ۋەزنىنىڭ خىلمۇ خىل شەكىللىرىنى قوبۇل قىلىش ئاساسىدا مۇقام قۇرۇلمىسىدا قايتا ـ ئىجادىيەت ئېلىپ بارغانلىقنىڭ مەھسۇلى. بۇ ئون ئىككى مۇقامغىلا خاس بولغان ئالاھىدىلىك.

يەرلىك مۇقاملار ئۆز قۇرۇلمىسىدا قايتا ئىجادىيەت ئېلىپ بارغاندا، تېكىستلىرىنىڭ كلاسسىك شائىرلارنىڭ ئارۇز شەكلىدىكى خىلمۇ خىل ۋەزنىلىك شېئىرلىرىنى تاللاش ئەمەس، ئاددىي، يەڭگىل تۇراقلىق خەلق بېيىت ـ قوشاقلىرىنى تاللاش بىلەن چەكلەنگەن. بۇ ھال ئۇنىڭ ئاھاڭلىرىنى ئاددى، راۋان رىتىم ـ ئۇدارلار بىلەن تەمىنلەپ، خەلق ئاھاڭلىرىغا خاس خۇسۇسىيىتىنى ساقلاپ قالغان.

ئون ئىككى مۇقام بىلەن يەرلىك مۇقاملاردىكى مۇزىكىلىق قۇرۇلما ۋە تېكىست ئىشلىتىش جەھەتتىكى بۇ ئوخشىماسلىقلار ھەرقايسى مۇقاملارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەپلا قالماي، مۇقاملارنى تۈرگە ئايرىشتا بىردىنبىر ئۆلچەم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەمدى بىز مۇقاملارنى مۇشۇ ئاساستا تۈرگە ئايرىماقچى بولساق، ئۇيغۇر زېمىنىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان مۇقاملارنى «ئون ئىككى مۇقام» ۋە «يەرلىك مۇقاملار» دېگەن ئىككى تۈرگە ئايرىساق كۇپايە قىلىدۇ.

شۇنداقتىمۇ، قۇرۇلما ۋە شەكىل جەھەتتىن بۇ ئىككى تۈرگە ئۆز ئارا ئوخشىشىپ كېتىدىغان بەزى يەرلىك مۇقاملار بار. شۇڭا ئالدى بىلەن مۇشۇ خىل مۇقاملار ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەيلى.

بۇنىڭ بىرى «ئىلى ئون ئىككى مۇقامى».

بۇ ھەقتە گەپ ئېچىلسا، بەزىلەر ئىلى ئون ئىككى مۇقامنى كلاسسىك

ئون ئىككى مۇقامنىڭ كۆچۈرۈلمىسى ، ئۇنى ئايرىم مۇقام ھېسابلاشقا بولماي-
دۇ ، دەپ قارايدۇ . بەزىلەر ، ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بار ، مۇقام
دەپ ئاتاشقا بولىدۇ ، دەپ قارايدۇ .

بۇ ھەقتە مېنىڭ قارىشىم مۇنداق :

خەلقىنىڭ ئورتاق ياخشى كۆرۈشىگە سازاۋەر بولغان ھەرقانداق ئەدە-
بىيات - سەنئەت شۇ مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئىگىدارچىلىق قىلىشىغا
مەنسۇپ بولۇپلا قالماي ، بەلكى باشقا مىللەت خەلقىنىڭمۇ قوبۇل قىلىشىغا ئې-
رىشىپ ، ئۇلارنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا تۈرتكىلىك رول
ئوينايدۇ . بۇنىڭغا ئالدىنقى ماۋزۇلىرىمىزدا تىلغا ئېلىنغان جاڭ چيەننىڭ
غەربىي دىيار سەنئىتىنى چاڭئەنگە ئېلىپ بېرىشى ، لى يەنەننىڭ ئۇلارنى
ئۆزگەرتىپ ئىشلەپ ، ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش ھەيۋەتلىك ھەربىي ئوركېستىر
ھەم ساراي ئوركېستىرىنى تەشكىل قىلىشى ، بولۇپمۇ « مۇقدۇر نەغمىسى »
دىن پايدىلىنىپ يىگىرمە سەككىز ئاھاڭنى بىراقلا ئىجاد قىلىشى خەن سۇلا-
لىسى سەنئىتىگە نۇرغۇن يېڭىلىقلارنى ئېلىپ كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى
مىساللىرىمىز كۇپايە قىلسا كېرەك .

بۇنىڭدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان ئامىللار :

1 . مېلودىيە ئالاھىدىلىكى ، 2 - كۈي شەكلى ئالاھىدىلىكى ، 3 - رې-
تىم- ئۇدار ئالاھىدىلىكى ، 4 - پۇراق ، شىۋە ئالاھىدىلىكى ، 5 - چالغۇ
ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت .

بۇ ئالاھىدىلىكلەر مىللىي خۇسۇسىيەتكىلا ئەمەس ، يەرلىك خۇسۇ-
سىيەتكىمۇ ئىگە . بىز بۇ خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە يەرلىك ناخشىلارنى
تۆۋەندىكىچە ساناپ بېرەلەيمىز :

1 . ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ، ئۆزىگە خاس پۇراق ، ئۆزىگە خاس رېتىم
ۋە مېلودىيىلىرى بىلەن خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن
شوخ ۋە ئويناق كۇچا خەلق ناخشىلىرى .

2 . ياڭراق ۋە مەردانە ئىلى خەلق ناخشىلىرى .

3 . ئىچكى ھېسسىياتقا باي قەشقەر خەلق ناخشىلىرى .

4 . موڭلۇق ۋە يېقىملىق ئاتۇش خەلق ناخشىلىرى .

5 . شوخ ۋە جۇشقۇن تۇرپان ، قۇمۇل خەلق ناخشىلىرى .

6 . تەمكىن ۋە قايناق ھېسسىياتلىق خوتەن خەلق ناخشىلىرى .

خەلقىمىزنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشىغا سازاۋەر بولغان بۇ نازۇك ھېسسىياتلار مىللىتىمىزنىڭ گۈزەل مەنىۋى دۇنياسىنىڭ ئورتاق ۋە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىپادىلىرىدۇر . دېمەك ، بىر يەرنىڭ سەنئىتى يەنە بىر يەرگە كۆچۈرۈلگەن ئىكەن ، ئۇ ئەلۋەتتە شۇ يەر خەلقىنىڭ ئېستېتىك پسىخىكىسى ، يۇرت شىۋىسى ۋە دەۋر تەلىپىنىڭ ئېھتىياجى بىلەن قۇرۇلما ، كۈي ، مېلودىيە ، شۇنداقلا پۇراق ، شىۋە ۋە رېتىم ـ ئۇدار جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى بويىچە يېڭىچە ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىنىپ ، ئەينى ئەسەرنىڭ ئىككىنچى ۋارىيانتى سۈپىتىدە شەكىللىنىدۇ .

ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئېلى تۇپرىقىدا يىلتىز تارتىپ ، چېچەكلەپ مېۋە بەرگەنلىكىنىڭ ئۆزى ئوبدان مىسال .

بۇ ھەقتە 1960 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان « ئون ئىككى مۇقام » ( نوتا ) كىتابىنىڭ « ئون ئىككى مۇقام » نى قىسقىچە تونۇشتۇرۇشىدا مۇنداق دېيىلگەن : « تەخمىنەن 1883 ـ يىلى ، مۇھەممەت دېگەن كىشى « مۇقام » نى قەشقەردىن ئېلىغا ئېلىپ باردى . مۇقامنىڭ داستانى ئېلىدا بىر قەدەر ئىشلەنگەندىن كېيىن ئاھاڭ تەرەپتىن تېخىمۇ يېغىنچاق ، ئۇسلۇب تەرەپتىن تېخىمۇ شوخ بولدى » (22 ـ بەت ) .

ئون ئىككى مۇقام ئېلى زېمىنىغا كىرگەندە داستان ، مەشرەپتىن ئىبارەت ئىككى قىسىم بويىچە قوبۇل قىلىنىپ ، ئېلى شىۋىسى ، ئېلى ئۇسلۇبى بويىچە ئۆزلەشتۈرۈلۈپ ، كەم ـ كۇتا ئېتىلىپ كەلگەن بەزى داستانلار تولۇقلاندى . بەزى داستانلار قايتا ئىجاد قىلىندى . بۇنىڭغا ئون ئىككى مۇقامنى تولۇقلاشتا راك ۋە پەنجىگاھ مۇقاملىرىنىڭ ئۈچتىن ئالتە داستانى ئېلىدا ئۆزلەشتۈرۈلگەن ۋە ئىجاد قىلىنغان شەكلى بويىچە قوبۇل قىلىنىپ ، بىر قە-

سىم مۇقەددىمىلەرنىڭ ئىلى نۇسخىسى بىلەن تەكەممەللاشتۇرۇلغانلىقى مىسال بولالايدۇ .

بۇنىڭدا مۇقامشۇناس روزى تەنبۇر بىلەن مۇقامشۇناس زىكرى ئەلپاتتانىڭ ئەينى يىللاردا كەم ـ كۈتىلىرىنى تولۇقلاش خىزمىتى بىلەن ئۇزاق شۇغۇللانغان ۋە كەم ـ كۈتە ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان « پەنجىگاھ » مۇقامىغا نۇسخا ۋە ئىككى داستاننى رەتلەپ قوشقان ھەمدە « راك » مۇقامى داستانلىرىنى قايتا ئىشلەپ بېيىتقان تۆھپىلىرىنى تىلغا ئېلىشقا ئەزرىيدۇ .

شۇنىڭ بىلەن بىللە ، « ئۆزھال » مۇقامى ( ئەينى يىللاردا « نالەش » مۇقامى دەپمۇ ئاتالغان ) نىڭ داستان قىسمى تولۇقلىنىش بىلەن چەكلىنىپ قالماي ، ئىككى يۇرۇشلۇك شەكىلگە كىرگۈزۈلۈپ ، ھەر بىرى تۆتتىن داستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان جەمئىي سەككىز داستانلىق قۇرۇلمىغا ئايلاندۇرۇلدى . بۇ تۇرداخۇن ئاكا لېنتىغا بەرگەن ئىككى داستانلىق « ئۆزھال » مۇقامىنىڭ بەش داستانلىق بولۇپ رەتلىنىشىنى تەمىن ئېتىپلا قالماي ، باشقا مۇقاملارنىڭ داستان قىسمىنى بېيىتىشقىمۇ تۈرتكە بولدى .

بۇنىڭدىن مۇنداق ئىككى خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇ .

1 . بىر يەرنىڭ سەنئىتى مۇئەييەن شارائىتتا يەنە بىر يەرنىڭ سەنئىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولىدۇ .

2 . يەرلىك شىۋە ، يەرلىك ئۇسلۇبتىكى ناخشا ـ مۇزىكىلار ئۆز ئالدىغا راۋاجلىنىش بىلەن بىللە ، يەنە بىر ـ بىرىگە سىڭىشىپ ، بىر ـ بىرىنى تولۇقلاش ئاساسىدا بىر پۈتۈن مىللەتنىڭ ناخشا ـ مۇزىكا سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرىدۇ .

« ئىلى ئون ئىككى مۇقامى » ئۆز تەركىبىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى بۇنىڭ بىلەنلا توختىتىپ قويماي ، ئۆزىگە خاس نەغمە قىسمى شەكىللەندۈرۈشتە يۇرۇشلەشكەن ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى نەغمە شەكلىدە جىپسىلاشتۇرۇش جەھەتتىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىلگىرىلەشكە سازاۋەر بولدى . پېشقەدەم ناخشىچى ئابدۇۋەلى جارۇللايوپ يۇرۇشلەشتۈرگەن ئون

ئىككى يۇرۇش ئىلى خەلق ناخشىلىرى « ئىلى ئون ئىككى مۇقامى » نىڭ ئون ئىككى نەغمىسىنى بەرپا قىلىش يولىدىكى ئەمگەك مېۋىسى بولۇپلا قالماي، شۇنىڭ بىلەن بىللە، خەلق ئىچىدىكى ھەر بىر مۇقامغا بىر يۇرۇش ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى ماسلاشتۇرۇپ ئېيتىش ئەمەلىيىتىنىڭمۇ ئىنكاسى . بۇنىڭدىن ئۇ- نىڭ كەڭ ۋە چوڭقۇر ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كورۇۋالغىلى بولىدۇ .

ھەممىمىزگە مەلۇمكى « ئىلى ئون ئىككى مۇقامى » يېقىنقى بىر قانچە يىلنىڭ ئالدىدىلا سوۋېت ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىر قېتىملىق رەتلەش، تولۇقلاش، ئۆستۇرۇش باسقۇچىدىن ئۆتتى . بۇ ھەقتە ئالموتا « يازغۇچى » نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان « ئون ئىككى مۇقام » كىتابىنىڭ « ئىلى ئون ئىككى مۇقامى ھەققىدە » ناملىق كىرىش سۆزىدە مۇنداق بايان قىلىنغان :

« 1970 — 1974 - يىللىرى داڭلىق مۇقامچىلاردىن مەتتايىر ھەسەنوۋ، نۇرمەھەممەت ناسىروۋ، غوپۇر قادىر ھاجىيىۋ، سۇلتانمۇرات رەزەموۋ ۋە قادىر رازى مۇھەممەدوۋلارنىڭ قاتنىششى بىلەن تاشكەنتتە ئېلىپ بېرىلغان ئىلى ئون ئىككى مۇقامىنى رەتلەش، يېزىپ ئېلىش جەريانىدا پەنجگاھ بىلەن ئە- جەمگە بىردىن ئىككى نۇسخا، سىگاھقا بىر تەلقىن قوشقاندىن تاشقىرى، 40- يىللاردىن قالغان داستان ئەنئەنىسىگە ئۆزگىرىش كىرگۈزۈلمىدى . 1976 - يىلى تاشكەنتتە ئېلىپ بېرىلغان ئىككىنچى قېتىملىق رەتلەش ئىشىدا پەنجگاھقا بىر، باياتقا بىر ۋە ئىراققا ئۈچ داستان ناخشىسى قوشۇلدى » .

« ئىلى ئون ئىككى مۇقامى » نى « رەتلەش، يېزىپ ئېلىش » (لېنتىغا ئېلىش دېمەكچى ) مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلغان بۇ ئىككى قېتىملىق داغدۇغا مۇقام تەركىبىگە قانچىلىك ئاھاڭ قوشقانلىقىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇ «ئىلى ئون ئىككى مۇقامى » نىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغىتىش يولىدىكى بىر قېتىم- لىق تارىخى زور ھەرىكەت . بۇ ھەرىكەت نەتىجىسىدە سوۋېت زېمىنىدا « ئىلى ئون ئىككى مۇقامى » قىزغىنلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇيغۇر سەنئىتىنى چۈشىنىشىگە، ھېسداشلىق قىلىشىغا، قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگە

زېمىن ھازىرلاندى . مۇقامشۇناس پېشقەدەملەرنىڭ ئۇزاق يىللار داۋامىدا خەلق سورۇنلىرىدا كامالەتكە يەتكەن ماھارەتلىرى ، ئىلمىي قانۇنىيەتكە ئىگە مول تەجرىبىلىرى ، نازۇك ئىچكى ھېسسىياتلىرى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇلۇپ ، ياشلار- نىڭ ۋارىسلىق قىلىش ئېڭىنى ئۇرغۇتتى . ئون ئىككى مۇقام ( ئىلى ئون ئىككى مۇقامى ) تولۇغى بىلەن پىلاستىنكىغا ئېلىنىپ ، كىتاب قىلىپ نەشر قىلىنىپ ، كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىنىش ئارقىلىق سوۋېت ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ يېڭىچە قىياپەتتە راۋاجلىنىشى ئۈچۈن ئەنئەنىۋى ئاساس ياراتتى . سوۋېت ئۇيغۇرلىرىنىڭ « ئىلى ئون ئىككى مۇقامى » نى رەتلەپ ، تولۇقلاپ جاھانغا ئېلان قىلىشى « ئىلى ئون ئىككى مۇقامى » نىڭ 70 ـ يىللاردا يەنە بىر قېتىم ئۆز ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلىشى بولۇپلا قالماي ، سوۋېت ئۇي- غۇرلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئاساس تىكلەپ ئالغانلىقى بىلەنمۇ گەۋدىلىنىدۇ .

سوۋېت ئۇيغۇرلىرى بۇ قېتىمقى « رەتلەش » خىزمىتى جەريانىدا ، پېشقەدەملەرنىڭ « ئىلى ئون ئىككى مۇقامى » نىڭ قۇرۇلمىسىنى مۇكەممەل- لەشتۇرۇش يولىدىكى ئىزدىنىشلىرىگىمۇ ۋارىسلىق قىلىپ ، يۈرۈشلۈك ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ « ئىلى ئون ئىككى مۇقامى » نىڭ نەغمىسى شەكلىدىكى دەسلەپكى سىستېمىسىنى « داپ نەغمىسى » نامى بىلەن ئىشلەپ چىقتى .

بۇنىڭ مۇندەرىجىسى مۇنداق :

1 . راكنىڭ داپ نەغمىسى

راكنىڭ مۇقەددىمىسى

« گۈلشەرىخان »

«ئاھ خېنىم داگەنزىدە »

« ئاھ خېنىم شەرۋانىخان »

« ئاق بېلىق ئاپئاق بېلىق »

نودەركام I

نودەركام II

نودەركام III

ئىككىنچى ۋارىيانت

« گۈلشەرىخان »

« ئاھ خېنىم داگەنزىدە »

« ئاھ خېنىم شەرۋانىخان »

« ئاق بېلىق ئاپئاق بېلىق »

ئۆستەڭ ناخشىسى

« تاغلار ئارا »

« ئاھ جېنىمەي »

2 . چەببىيانىنىڭ داپ نەغمىسى

چەببىياتىنىڭ مۇقەددىمىسى

لەيلۇن I

لەيلۇن II

لەيلۇن III

« گۈلمەشۇق »

« غېرىبلىق ناخشىسى »

« هەي نادان »

« مەن قانداق قىلاي يارىم »

ئىككىنچى ۋارىيانت

لەيلۇن I

لەيلۇن II

لەيلۇن III

« گۈلمەشۇق »

« غېرىبلىق ناخشىسى »

« مەن قانداق قىلاي يارىم »

نودەركام III

« ئالتۇنجان ، شېرىنجان ، يارەي »

چەبيات سەنمى ( سەنەم نەغمە )

چەبياتىنىڭ مۇقەددىمىسى

« ھىجرانىڭمەن »

« كىچىك يولەن »

« ۋاي يارسەنەم »

« شەرىڭدە خۇمارىم »

« ھەي دوست مەن نالە قىلاي »

« جانانغا باردىم ئول كېچە »

« قارا ـ قارا قاشلىرىڭ »

« ئۇپار »

« ئاللا يارىم ئۆرگىلەي »

« كىچىكىنە قارا كۆز »

« شەھلا كۆزى مەستانە »

3 . مۇشاۋرەكىنىڭ داپ نەغمىسى

مۇشاۋرەكىنىڭ مۇقەددىمىسى

ئابلەش ( نەسر )

« ئاھ يارىمەي »

« گۈللەيلۇن »

سادىر Ⅲ

« لەيلىخان ـ ئانارخان يارگۈلۈم »

« ئالتۇنۇم »

« گۈلمەشۇق »

سەنەم نەغمە

« پەريادەي »

« ۋاي يارسەنەم »

« چوڭ يولەن »

« يار مېھرىبانەي »
« يەللە ـ يەللە دوست »
« يار ـ يار ئايلىنىمەن »
« چىم ـ چىم ئەتتىم »
« مەشۇغۇم »
« جېنىم ئاللا »
« لاگىتىرىلاڭ »
« شايىم ، شايىم ھەي ـ ھەي »
4 . چارىگاھنىڭ داپ نەغمىسى
چارىگاھنىڭ مۇقەددىمىسى
« گۈل قىسقان مېنىڭ يارىم »
« گۈلشەدىخان »
« جېنىم خېنىم »
5 . پەنجىگاھنىڭ داپ نەغمىسى
پەنجىگاھنىڭ مۇقەددىمىسى
« ۋادەرىخا »
« ۋاي داغ ئەلەم »
« ئاھ يارىمەي »
گۈليار يار ـ يارەي »
6 . ئۆزھالنىڭ داپ نەغمىسى
ئۆزھالنىڭ مۇقەددىمىسى
دەردى ھۆسەيىن I
دەردى ھۆسەيىن II
« جانەي »
« يالا رەي »
« جېنىم ئاھ يارەي »

« ئەۋرىشىم »
« مەستۇن ھەيران »
7 . ئۇششاقنىڭ داپ نەغمىسى
ئۇششاقنىڭ مۇقەددىمىسى
« ئاھ ھېكىم »
« ئايەي »
« يار سېنىڭ دەردىڭ يامان »
« جۇنۇن »
« نوۋەر يىگىياڭ »
« گۈلزارەي »
« ناسىركام »
8 . ناۋانىڭ داپ نەغمىسى
ناۋانىڭ مۇقەددىمىسى
ئۆسەك I ( ئاللايەي ، يار ـ يارەي )
ئۆسەك II
ئۆسەك III ( ئۆرگىلەي )
« ئاھ يارەي » ( ھەي دا دەي )
9 . رۇخسارىنىڭ داپ نەغمىسى
رۇخسارىنىڭ مۇقەددىمىسى
رۇخسارىنىڭ نۇسخىسى
« ئاشنالىرى زەگامىكىن ، يار ـ يارەي »
« مەن سالام قىلدىم ساڭا »
« لېۋەن دەردىڭ دادەي »

« ئىلى ئون ئىككى مۇقامى » پېشقەدەملەرنىڭ يۇقىرىقىدەك ئۈزلۈكسىز ئەمگەك سىڭدۈرۈشى بىلەن قۇرۇلما ۋە ئاھاڭ جەھەتتىن ئۈزلۈكسىز

مۇكەممەللىشىپ ۋە يېتىلىنىپ، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك ئارقىلىق « ئىلى ئون ئىككى مۇقامى » نامى بىلەن جامائەتكە تونۇلۇشقا سازاۋەر بولدى. شۇنداقلا بىر قىسىم ئىجادىيەتچىلىرىمىزنىڭ شۇ ئاساستا ئەسەر يارىتىشىنىمۇ بارلىققا كەلتۈردى. زىكرى ئەلپەتتانىڭ « رۇخسارى » مۇقامى بۇنىڭغا دەلىل بولالايدۇ.

« ئىلى ئون ئىككى مۇقامى » نى شۇ خىل ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىككى تۈرنىڭ قايسىسىغا مەنسۇپ قىلىش كېرەك، دېگەن مەسىلىگە كەلگەندە، ئۇنىڭ داستان، مەشرەپلىرى كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامنىڭ داستان مەشرەپلىرى ئاساسىدا ئۆزلەشتۈرۈلۈپ ئىشلەنگەن ئىكەن (گەرچە يېڭىلانغان ۋە قايتا ئىشلەنگەنلىرى خىلى كۆپ سالماقنى ئىگىلىسىمۇ)، ئۇ تەبىئىي ھالدا كلاسسىك ئون ئىككى مۇقام شەكلىگە مەنسۇپ بولىدۇ، نەغمە قىسمىنىڭ يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن خەلق ناخشىلىرى ئاساسىدا ۋۇجۇدقا چىققانلىقى بولسا، يەرلىك مۇقاملارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە مەنسۇپ بولىدۇ، شۇڭا بۇنى ھەر ئىككى شەكىلنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشىدىن بارلىققا كەلگەن يەرلىك مۇقام تۈرىگە مەنسۇپ قىلىشقا بولىدۇ.

« دەرد ـ داغ » مۇقامى مەسىلىسى

« دەرد ـ داغ » مۇقامى تۇرپان ئون ئىككى مۇقامىنىڭ « چەببىيات » مۇقامى ئاساسىدا كلاسسىك ئون ئىككى مۇقام قۇرۇلمىسى ( چوڭ نەغمە، داستان، مەشرەپتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ قىسىم ) شەكلى بويىچە راۋاجلاندۇرۇلۇپ ۋۇجۇدقا چىققان مۇقام.

« تۇرپان ئون ئىككى مۇقامى » ھەربىرى چۇشۇرگە ۋە مەرغۇلدىن مۇستەسناسىز بىر يۇرۇش ناخشا ۋە ئۇسسۇل پەدىلىرىدىن تۈزۈلگەن يەرلىك مۇقاملار شەكلىگە مەنسۇپ بولۇپ، مۇزىكىلىك قۇرۇلما جەھەتتىن ئاددى رېتىم ـ ئۇدارلىق، تېكىست جەھەتتە ئاددىي، راۋان خەلق بېيىت ـ قوشاقلىرىدا

ئىپتىلىدۇ ( ئارۇز ۋەزنىنىڭ شېئىرلار ئاز ئىشلىتىلىدۇ ، قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامىمۇ شۇنداق ) .

« دەرد ــ داغ » مۇقامى بولسا ، شەكىل جەھەتتىن كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامغا يېقىنلاشقان بولۇپ ، چوڭ نەغمە ، داستان ، مەشرەپتىن تەركىب تاپقان . چوڭ نەغمە قىسمى تەزە ، نۇسخا ، جۇلا ، سەلىقە ، پەشرۇ ، تاكىت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان . شۇنداقلا ، ھەرقايسى بۆلەكلىرى ئۆزىگە خاس چۇشۇرگە ۋە مەرغۇللار بىلەن بېيىتىلگان . داستان قىسمى ئىككى داستان ۋە مەرغۇلدىن تەركىب تاپقان . مەشرەپ قىسمى ئۇسسۇللۇق ، تېز ۋە شوخ تاكىتلىق مۇزىكىلار ئاساسىدىكى بەش مەشرەپتىن تەركىب تاپ- قان .

بۇ خىل بۆلۈنۈش كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامنىڭ قۇرۇلمىسىغا ئوخشاپ كەتسىمۇ ، لېكىن يۇقىرىدىكى تۆر ــ ئۆلچەمگە سالغىنىمىزدا ، ئۇ يە- نىلا يەرلىك مۇقاملار تۈرىگە مەنسۇپ بولىدۇ ، چۈنكى بۇنىڭ ناخشىلىرى ئاددى رىتىملىق ، يەڭگىل ناخشىلار بولۇپ ، تېكىست ئىشلىتىشتە گەرچە كلاسسىك شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى ئىشلىتىشكە قاراپ يۈزلەنگەن بولسىمۇ ، لېكىن كۆي ئۆزگىرىشى ئارقىلىق ھېسسىيات ئىپادىلەشتە يەرلىك مۇقاملاردىكى ئاددى ــ ساددىلىقنى ساقلاپ قالغان .

يۇقىرىدىكى سېلىشتۇرما كلاسسىك ئون ئىككى مۇقام بىلەن يەرلىك مۇقاملارنىڭ ئورتاقلىقى ۋە ئۆزئارا پەرقىنى بىلدۈرۈپلا قالماي ، يەرلىك مۇقاملارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئارقىلىق خەل- قىمىزنىڭ مۇقام شەكلىدىن ئىبارەت يىرىك مۇزىكا ژانىرى بىلەن شۇغۇللىنىشتا ، ھەرقايسى جاينىڭ ئۆزىگە خاس ئەنئەنىۋى مۇزىكا بايلىقى ئارقىلىقمۇ « ئون ئىككى مۇقام » دىن ئىبارەت بۇ شەكىلنى مول مەزمۇن ، رەڭدار قۇرۇلما ، خىلمۇ خىل شەكىللەر بىلەن بېيىتىپ كەلگەنلىكىنى چۈ- شەندۈرىدۇ .

## تۆتىنچى باب

# مۇقام شەكلىنىڭ ئىلى رايونىدىكى نامايەندىلىرى

بۇ كىتابنىڭ بىرىنچى بابىدا ئۇيغۇرلارغا خاس يەتتە تۈردىكى «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ ئۈچ تۈرىنىڭ، يەنى ① «ئىلى ئون ئىككى مۇقامى»، ② ناخشا شەكلىدىكى مۇقام «يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن ئىلى خەلق ناخشىلىرى»، ③ چالغۇ ئەسۋابلاردا ئورۇنلىنىدىغان مۇقام «ئون ئىككى يۇرۇش ناغرا - سۇناي پەدىلىرى» نىڭ ئىلى رايونى دائىرىسىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتكەنىدۇق.

ئەمدى بۇ مۇقاملارنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى ۋە مۇكەممەللىشىش جەريانى توغرۇلۇق توختىلىمىز.

### بەگلەر نەغمىسى

بۇ ھەقتە باتۇر ئەرشىدىنىنىڭ نەشرگە تەييارلىشىدا 1987 - يىلى ئالمۇتا «يازغۇچى» نەشرىياتىدا نەشر قىلىنغان «ئون ئىككى مۇقام» ناملىق كىتابىنىڭ «ئىلى ئون ئىككى مۇقامى ھەققىدە» ناملىق كىرىش سۆزىدە ئاتاقلىق سەنئەتكار يۇسۇپ غاپپاروۋنىڭ 1924 - يىلى ئالمۇتىدا نەشر قىلىنغان «بىرىنچى قەدەم» ناملىق ئالماناختا ئېلان قىلىنغان «ئەلنەغمە - ناۋا» ماقالىسىدىن مۇنداق نەقىل كەلتۈرىدۇ:

«ھەتتا سۇلتان زامانىسىدا سۇلتان ئوردىسىدا ئالايتەن نەغمىچىلەر بولغان. بۇ نەغمە - ناۋاغا بېرىلگەن ئەھمىيەت شۇنچىلىككە يەتتىكى، بىرەر مۇقامدا يېڭىلىپ قالغان نەغمىچىلەر جازاغا تارتىلغان ۋاقىتلار بولغان»،

«ئومۇمەن ، ــــ دەپ داۋام قىلىدۇ ئۇ يەنە ، ــ بۇلارنىڭ ئىچىدە ئون ئىككىسى ھەم ئېتىبارلىقراقى بەگلەر نەغمىسىگە ئايرىلاتتى » . مانا بۇ ئون ئىككى مۇقامنىڭ ( يەنى ، بەگلەر نەغمىسىنىڭ ) ئىلى تەۋەسىدە بۇرۇندىن بارلىقى ھەققىدىكى مەلۇمات بولسا ، تۆۋەندە ئۇنىڭ كېيىنكى تەقدىرى ھەققىدە ئاپتور مۇنداق دەپ يازىدۇ : « بىراق ، ئىلى سۇلتانلىقى پۇتۇشى بىلەن 〈 كۆچ ــ كۆچ 〉 باشلىنىپ ، خەلقنىڭ ھەممىسى تىرىپىرەن ئەھۋالدا قېلىشى سەۋەبلىك مۇنداق نەغمىلەرگە ئەھمىيەت بەرگۈچىلىكى قالمىغانلىقتىن ، بۇرۇنقى تەرتىپلەر يۇتۇپ ، ھەركىم ئۆزى بىلگەنچە ئېيتىپ ، چالغانلىقىدىن كۆپى بۇزۇلۇپ ، ئۇنتۇلۇشقا باشلىدى . ھەرقايسى سازەندە ئۆزى بىلگەننى ئويناپ كەلدى . بىراق بۇ ئوينىغۇچىلار ئۆز تەرتىبى بىلەن توشقۇزۇپ ئويناالمىغانلىقتىن يىلدىن ــ يىلغا چولتىلىشىپ ۋە بەلكى يوقىلىش دەرىجىسىگە يەتتى ... ھازىرقى ۋاقىتتا ئۆزئارا كۆپرەك يېقىملىق ، مۇڭلۇق دەپ سانالغان بەگلەر نەغمىسى بولسىمۇ ، بىراق ھەممىسى تولۇق ئەمەستۇر » .

باتۇر ئەرشىدىن نەقىل كەلتۈرگەن يۇقىرىقى سۆزلەردىن مۇنۇ ئۈچ نۇقتىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ :

1 . ئىلى تەۋەسىدە ئىلى سۇلتانلىقى ( 1860 ــ يىللار ) دەۋرىدىلا مۇقام بولغان .

2 . بۇ مۇقاملار « بەگلەر نەغمىسى » دەپ ئاتالغان .

3 . بۇ مۇقاملار مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەتەن ساتقۇچلۇق شەرتنامىسىنىڭ ئاقىۋىتىدە تىرىپىرەن بولغان ئىلى خەلقى بىلەن بىللە ۋەيران بولغان .

يۇقىرىقى ئۈچ نۇقتىدىن ئەينى يىللاردىكى ئىلى تەۋەسىدىكى «بەگلەر نەغمىسى» توغرىسىدا مۇنۇلارنى بايان قىلماقچىمەن :

« ئەلنەغمە ــ ناۋا » ماقالىسىنىڭ ئاپتورى « بەگلەر نەغمىسى » دىن «مۇشاۋىرەك » مۇقامىنىڭ ئورۇنلىنىش شەكلىنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ : «نەغمە باشلىقى قولىغا داپنى ئېلىپ ئۆزى يالغۇز ھۆۋەيدا بېشىنى (ھۆۋەيدانىڭ

مۇقەددىمىگە سىلىنغان غەزەلنى كۆزدە تۇتۇلىدۇ ) ئوقۇپ ، غەزەلگە چۈشۈپ ، مۇشاۋىرەكتىن باشلايدۇ . بىر مىسرا بېيىتنى باشلاپ ، ئىككىنچىسىگە ئۆتۈشى بىلەن سۇنايچى ھەم غىجەكچى قوشۇلىدۇ . غەزەلنى ئاخىرىغا يەتكۈزۈپ تۈگەتكەندىن كېيىن قاتارلىشىپ ئولتۇرغان ئەل ـ نەغمىچىلەر ھەممىسى باپباراۋەر نەغمە جابدۇقلىرىغا قول سوقۇشۇپ ، داپ ـ دۇمبىقى بىلەن بىرگە پەريادەي دەپ باشلايدۇ . بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىنى ئۆز تەرتىپى بىلەن ئېيتىپ ، ئاخىرىغا چۈشكەندە ، ھەم ئىككى ـ ئۈچ نەغمە جابدۇغى بىلەن بىر چۈشۈرۈش مۇقامىغا ئويناپ توختايدۇ » .

ئۇ « مۇشاۋىرەك » تەركىبىدىكى نەغمىلەر تەرتىپىنى مۇنداق كۆرسىتىدۇ :

1 ـ مۇشاۋىرەك نەزمى ( مۇقەددىمە ) ، 2 ـ « پەريادەي » نەزمى ، 3 ـ «ۋاي ـ ۋاي يارەي » نەزمى ( بۇ ئارىلىقتىكى ناخشىلارنىڭ ئۇنتۇلغانلىقى ئەسكەرتىلگەن ) ، 4 ـ « سەن ـ سەن مېنى سەن » نەزمى ، 5 ـ ئويناڭ تاجىرخان » نەزمى ، 6 . مەرغۇل ( چۈشۈرگە ) .

« ئەلنەغمە ـ ناۋا » ئاپتورىنىڭ ئەينى يىللاردىكى « مۇشاۋىرەك » مۇقامىنىڭ شەكلى ، قۇرۇلمىسى ، شۇنداقلا تەركىبىدىكى ناخشىلار نامى توغرىسىدىكى بايانى « بەگلەر نەغمىسى » نامىدا ئاتالغان ئەينى يىللاردىكى ئىلى مۇقاملىرىنىڭ قۇرۇلمىسى توغرىسىدا مۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا ياردەم بېرىدۇ .

1 . « بەگلەر نەغمىسى » مەرغۇل ، چۈشۈرگىلەردىن مۇستەسناسىز ، نەغمە شەكلىدىنلا تەركىب تاپقان يەرلىك مۇقام شەكلى .

2 . ئۇنىڭ نەغمىلىرى ئىلى خەلق ناخشىلىرى بىلەن تۇرپان خەلق ناخشىلىرىنىڭ ( « پەريادەي » نىڭ قوشۇلۇشى بۇنىڭ دەلىلى ) ئۆزئارا بىرىكتۈرۈلۈپ ، ئۆزلەشتۈرۈلۈشىدىن بارلىققا كەلگەن .

يۇقىرىقى ئىككى خۇلاسىغا ئاساسەن ئۇنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى ، مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى ۋە تەرەققىيات جەريانى توغرىسىدا مۇنداق مۇلاھىزە

يۇرگۈزۈشكە بولىدۇ :

1 . « بەگلەر نەغمىسى » نى 1762 ـ يىلى مەنچىڭ خاندانلىقى تەرىپىدىن تەگرى تېغىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىنى باشقۇرىدىغان ھەربىي مەمۇرىي ئورگان « ئىلى جاڭجۈن مەھكىمىسى » بىلەن بىللە تەسىس قىلىنغان يەرلىك ھاكىمىيەت « ئىلى ـ گۇڭ بەگلىكى مەھكىمىسى » بارلىققا كەلتۈرگەن . بۇنى ئۇنىڭ « ئوردا نەغمىسى » دەپمۇ ئاتىلىدىغانلىقى تېخىمۇ ئېچكىرىلەپ چۈشەندۈرىدۇ .

2 . بۇ مەھكىمىنىڭ گۇڭ ـ بەگلىكىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە مەنچىڭ قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە باشتىن ـ ئاخىر كۈچ چىقارغان تۇرپانلىق ئىمىن ۋاڭ نەسەبى دائىرىسىدە ( شىنخەي ئىنقىلابىغا قەدەر 140 يىل ) بولغانلىقى بۇ مۇقامنىڭ ئەسلىي گۇڭ ـ بەگلىكىنىڭ دەسلەپكى ئەجدادلىرى ئىمىن ۋە ئۇنىڭ ئىككىنچى ئىنىسى مۇساگۇڭلار تەرىپىدىن ( 1762 ـ 1766 ـ يىللىرى ) كۆچۈرۈپ كېلىنگەن « تۇرپان ئون ئىككى مۇقامى » ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ . چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىلىنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مەركىزىگە ئايلاندۇرۇشى ئەسلى يۇرتى تۇرپاننىڭ ئەسىرلەر داۋامىدا مۇكەممەللىشىپ ، ئانا سۈتى بىلەن تەڭ تېنىگە سىڭىپ كەتكەن ئوردا مۇزىكىلىرى ۋە بىر تۈركۈم ئوردا سەنئەتچىلىرىنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ كېلىش ئېھتىياجىنى تۇغدۇرىدۇ . بۇنى ئىمىن ۋاڭنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى ئورانزىپ ئاكىسى مۇسا ئۆلۈپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا گۇڭ بولۇپ تەيىنلەنگەندە (1766 ـ يىل ) تۇرپاندىن ئۆزى بىللە بىلەن ئېلىپ چىققان ھەرخىل مۇلازىمەتچىلەر قاتارىدا « يىگىرمە ناغرىچى① » نىمۇ بىللە ئېلىپ چىققانلىقى تولۇقلايدۇ .

3 . بۇ مۇقام گەرچە « تۇرپان ئون ئىككى مۇقامى » نىڭ كۆچۈرۈلمىسى بولسىمۇ ، لېكىن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يەرلىك مۇزىكا بايلىقىنىڭ سىڭىپ كىرىشى ، يەرلىك شىۋە ، يەرلىك ئۇسلۇب ، شۇنداقلا يەرلىك

① « ئىلى تارىخى ماتېرىياللىرى » ، 1 ـ كىتاب ، 77 ـ بەت .

خەلقىنىڭ زوقلىنىش ئېھتىياجى ئاساسىدا ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ، ئاخىر ئىلى ئۇسلۇبى ئاساسىدىكى يەرلىك مۇقامغا ئايلانغان. بۇنىڭغا يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن «مۇشاۋىرەك» مۇقامى تەركىبىنىڭ ئىلى خەلق ناخشىلىرى بىلەن تۈرپان خەلق ناخشىلىرىنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغانلىقى ئىسپات بولالايدۇ.

ئەمدى ئۇنىڭ «كۆچ ـ كۆچ» (1883 ـ يىل) ۋەقەسى بىلەنلا ئۆز شەكلىنى يوقىتىپ، «چولتىلىشىپ كەتكەن» لىكى مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇنى «كۆچ ـ كۆچ» ۋەقەسىنىڭ تەسىرىدىن كۆرە، خەلقىنىڭ ۋارىسلىق قىلىش ئىختىيارىغا مەنسۇپ قىلىشقا بولىدۇ. سەۋەبى، بۇ مۇقاملار شۇنىڭدىن كېيىن خەلق ناخشىلىرى يۈرۈشى، خانىقا ناخشىلىرى سىستېمىسى، «ئىلى سەنىمى» شەكلىدىن ئىبارەت ئۈچ شاخقا ئايرىلىپ، ھەربىرى ئۆز ئالدىغا تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان. لېكىن ھەر ئۈچىلا شاخ ئۆز تەركىبىدە مۇقامغا خاس قانۇنىيەتلەرنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشقان.

### يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن ئىلى خەلق ناخشىلىرى

① بۇ شەكىلدىكى ناخشىلار كۆي شەكلى بويىچە ئۆزئارا ئۇلىنىپلا قالماي، ھەرقايسى يۈرۈشى ئۆزىگە خاس كۆي ئالاھىدىلىكى بويىچە ھەرقايسى مۇقام مۇقەددىمىلىرىگە بىمالال ئۇلىنىپ، مۇقام نەغمىلىرىگە خاس ئالاھىدىلىكنى نامايان قىلىدۇ.

② بۇ شەكىلدىكى ناخشىلار ھەرقايسى دەۋرلەردە مەزمۇن جەھەتتىن ئۈزلۈكسىز تولۇقلىنىپ، سان جەھەتتىنمۇ ئوخشىمىغان ھالدا كۆپىيىپ بارغان بولسىمۇ (بەزىلەر ئۇنىڭ ئون توققۇز ـ يىگىرمە يۈرۈش شەكلىنى بارلىققا كەلتۈرگەن)، لېكىن پېشقەدەملەر يەنىلا ئۇنى ئون ئىككى يۈرۈش شەكلى بويىچە مۇكەممەللەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ كەلگەن. بۇ ھال ئۇيغۇر مۇقامچىلىقىدىكى «ئون ئىككى» دىن ئىبارەت شەرتلىك ئالاھىدىلىكنى ئىلمىي نەزەرىيىۋى ئاساستا مۇجەسسەملەشتۈرگەنلىكتىن دېرەك بېرىدۇ.

يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن ئىلى خەلق ناخشىلىرىدىكى يۇقىرىقى ئىككى خۇسۇسىيەت ئۇنىڭ مۇقام قانۇنىيەتلىرىگە خاس ئالاھىدىلىكلەر بويىچە ئۆز ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈپلا قالماي، بەلكى ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقىدا مۇقامنىڭ ناخشا شەكلىنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ ھەقتە سوۋېت ئۇيغۇر مۇقام تەتقىقاتچىسى باتۇر ئەرشىدىن «ئىلى ناخشىلىرىنى بىر يۈرۈش بويىچە مۇقام دەپ تونۇش ۋە ئۇنى مۇقاملاردا ئېيتىش ئەنئەنىسى ھازىرغىچە داۋام قىلىپ كەلمەكتە» ① دەپ يازسا، ئېلىمىزدىن جۇجېنباۋ ئەپەندى ئۇيغۇر مۇقامچىلىقىدىكى يەتتە تۈر ئۈستىدە توختىلىپ، يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن ئىلى خەلق ناخشىلىرى توغرىسىدا مۇنداق يازىدۇ: «بۇ، ناخشا شەكلىنى ئالغان مۇقام بولۇپ ① ئۆستەڭ ناخشىسى، ② گۈلەمخان، ③ ئورما ناخشىسى، ④ كوچا ناخشىسى، ⑤ كىچىك خانلەيلۇن ②، ⑥ دەردىڭ يامان، ⑦ ئاھ يارەي، ⑧ ھەي - ھەي نان، ⑨ گۈل قىسقان مېنىڭ يارىم، ⑩ ۋادەرىخا، ⑪ ئۆرگىلەي، ⑫ كىچىك لەيلۇندىن ③ تەركىب تاپقان».

يۇقىرىقى مىساللار ئەينى يىللاردىكى گۆك - بەگلەر تەرىپىدىن ئىلىغا ئېلىپ كېلىنگەن «تۇرپان ئون ئىككى مۇقامى» ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن «بەگلەر نەغمىسى» نامىدىكى ئىلى ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئەسىرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بەرلىك خەلقنىڭ ئۆز تارىخىنىڭ يالقۇنلۇق گۇۋاھچىسى بولغان تارىخى ۋە ئەنئەنىۋى ناخشىلىرى بىلەن تەلتۆكۈس يېڭىلىنىپ، ناخشا تۈسىدىكى مۇقام شەكلىدە نامايان بولغانلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ چۈشەندۈرىدۇ.

بۇ مۇقام تەركىبىدىكى ناخشىلار كېلىپ چىقىشى ۋە مەزمۇنىغا ئاساسەن ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

---

① «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1982 - يىللىق قوشۇمچە 1 - سان 165 - بەت.

② ③ ئاپتور بۇ ئىككى يۈرۈشنىڭ نامىنى خاتا ئىگىلىگەن. بۇ يۈرۈشلەر «خانلەيلۇن»، «لەيلۇن» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، «خانلەيلۇن» تەركىبىدە «كىچىك خانلەيلۇن»، «چوڭ خانلەيلۇن»، «خانلەيلۇن» دېگەن ناخشىلار، «لەيلۇن» تەركىبىدە «كىچىك لەيلۇن»، «چوڭ لەيلۇن» دېگەن ناخشىلار ئېيتىلىدۇ.

1 . تارىخى ناخشىلار :

تارىخى ناخشىلار 18 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىن 19 ـ ئەسىرنىڭ 80ـ يىللىرىغىچە بولغان بىر ئەسىرلىك جەرياندا ئىجاد قىلىنىپ ، ئېيتىلىپ ، مۇكەممەللىشىپ كەلگەن ناخشىلار بولۇپ ، ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەنچىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ۋەھشىلەرچە زۇلۇمىغا قارشى ئېلىپ بارغان كۆرەش تارىخىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ . بۇ خىلدىكى ناخشىلاردىن بىر قانچىنى مىسال كەلتۈرەيلى :

« سېپىل ناخشىسى » — مەنچىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلىرى جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرىنى ئاغدۇرۇپ ، شىنجاڭدا ھۆكۈمرانلىق ئورناتقاندىن كېيىن ، 1762 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئىلى جاڭجۇنلىكى ( ئىلى ۋە باشقا جايلارنى بىر تۇتاش ئىدارە قىلىدىغان جاڭجۇن بولۇپ ، شىنجاڭنىڭ ھەربىي ، سىياسىي مەركىزى ) نى تەسىس قىلىدۇ ۋە 1763 ـ يىلدىن 1780 ـ يىلغا قەدەر ئىلىدا ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ، كۈرە ( جاڭجۇننىڭ يامۇلى مۇشۇ قەلئەدە بولغان ) ، سۈيدۈڭ ، قورغاس ، بايانداي ، غۇلجا قاتارلىق توققۇز قەلئە سالدۇرىدۇ . بۇ قەلئە قۇرۇلۇشلىرى غوجا ۋە بەگلەرنىڭ زىممىسىگە ئارتىلغان بولۇپ ، مەنچىڭ چېرىكلىرى بىلەن بەگلەرنىڭ قاتمۇ قات زۇلمى ئاستىدا مىڭلىغان ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ يىگىرمە يىلغا يېقىن ھاشارغا ئىشلىشى بىلەن پۈتۈپ چىقىدۇ .

« سېپىل ناخشىسى » ئەنە شۇ چاغلاردا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋەھشى فېئودال ھۆكۈمرانلار سىنىپىغا بولغان كۈچلۈك نارازىلىق كەيپىياتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ .

سۇلتان غوجام سورايدۇ ،
سېپىلنى سوققانلار نەلىك ؟
بىز نېمە گۇناھ قىلغان ،
بىكار ياتىدۇ شەلىك !

سىپىل سوققىلى كەلدى ،
سەھرادىن قىرى ـ ياشلار .
بۇ سىپىلنى سوققىچە
ئاقاردى بىزنىڭ چاچلار .

« ئۆستەڭ ناخشىسى » ــ مەنچىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۆز ئەسكەرلىرىنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن قەلئە قۇرۇلۇشلىرىنى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىللە ، پۇقرادىن نەچچە ھەسسە كۆپ بولغان چېرىكلىرىنى بېقىش ئۈچۈن تېرىقچىلىقنى كېڭەيتىش مەقسىتىدە جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شەرقىي شىنجاڭدىن ئىلگىرى ئاخىر بولۇپ سەككىز مىڭ ئۆيلۈك دېھقانىنى يۆتكەپ چىقىپ ، يەرلىك خەلق بىلەن بىللە بىر تەرەپتىن تېرىقچىلىق قىلدۇرۇپ ، بىر تەرەپتىن ئۆستەڭ قازدۇردى . ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى 1762 ـ يىلدىن 1825 ـ يىلغا قەدەر داۋاملىشىپ ئىلىدا غولچە ، تاش ئۆستەڭ ، ئارا ئۆستەڭ ، قاش ، ئارا بوز ، سەن راۋان قاتارلىق ئون ئۈچ ئۆستەڭ بەرپا قىلىندى . ئەڭ ئاخىرقى ئۆستەڭ بولغان جىرغىلاڭ ئۆستىڭى بىلەن ئاق ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىغىلا يىگىرمە يىل ۋاقىت سەرپ قىلىندى . بىر تەرەپتىن تېرىقچىلىق قىلىپ ، « ۋاڭخۇلۇ » دا ئىشلەپ ، بىر تەرەپتىن سىپىل سوقۇپ قاتمۇ قات باج ـ سېلىقلارنىڭ ئېغىر بېسىمى ئاستىدا ھالسىزلانغان خەلقنىڭ شۇنچە ئۇزاق مۇددەتلىك مۇشكۈل قۇرۇلۇش ھاشاسىغا مەجبۇر قىلىنىشى قانچىلىك ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرگەنلىكىنى پەرەز قىلىش تەس بولمىسا كېرەك . « ئۆستەڭ ناخشىسى » ئەنە شۇ دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولۇپ ، ئېزىلگۈچى خەلقنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنى ، ئەزگۈچى سىنىپقا قارشى قەھرى ـ غەزىپىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ .

ئۆستەڭنىڭ تېگى قاتتىق ،
چاپسا كەتمەن ئۆتمەيدۇ .

زالىم تۇڭچىسى بەگلەر
بىشىمىزدىن كەتمەيدۇ.

ئۆستەڭنى چىپىۋېتىپ
كەتمەن قايرىلىپ كەتتى.
كەمبەغەل ھاشار بىلەن
ئۆيدىن ئايرىلىپ كەتتى.

ئۆستەڭ چاپماي زالىملار،
تولدۇرۇپتۇ سېڭىنى.
ئۆستەڭ چېپىپ ئاچ قالدۇق،
بىزگە بەرمەس ئۇنىنى.

«ۋاڭخولۇ» — يۇقىرىدا بايان قىلىنغان كورلە قەلئەسى دەريانىڭ بويىغا بىنا قىلىنغان ئىدى. كەلگۈن مەزگىللىرىدە سۇنىڭ دولقۇنلىرى يارنى گۇمۇرۇپ، قەلئەنى خاراب قىلىۋېتىش خەۋپىنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى. مانا مۇشۇ قورغاندىن سۇنى قاچۇرۇش ئۈچۈن، نەچچە مىڭلىغان دېھقان ياز بويى ئاشۇ ئالۋاڭ بىلەن مەشغۇل بولاتتى. بىراق، سۇنىڭ دولقۇنلىرى توساقلارنى بۇزۇپ تۇراتتى. ئامالسىز قالغان فېئودال ھۆكۈمرانلار ئەمگەكچى خەلقنى تېخىمۇ تىزگىنلەش ئۈچۈن، دىنىي خۇراپات بويىچە «توختى ئاتلىق كىشىنى سۇغا باسمىغىچە كەلكۈن توختىمايدۇ» دېگەن پەتىۋانى چىقىرىپ، توختى، تۇردى ئىسىملىك كىشىلەرنى تۇتۇپ كېلىپ، سۇغا تاشلاپ ھالاك قىلاتتى. «ۋاڭخولۇ» دېگەن بۇ ناخشا خەلقنىڭ بېشىغا كەلگەن ئاشۇ دەرد ـ ئەلەملەرنى ئىپادە قىلىدۇ:

ياز بولسا سالار غەمگە
ۋاڭخولۇنىڭ ئالۋىڭى.

بۇ ھاشاغا باش بولغان ،
زالىملارنىڭ يامىنى .

دەريانىڭ سۈيى تاشسا ،
چوڭكۆرەنى سوقماقچى .
ئەقىلسىز ، نادان بەگلەر ،
ھاشا بىلەن توسماقچى .

دەريانىڭ سۈيى تاشسا ،
توختى ئاتلىقنى تاشلايدۇ .
بۇ ھالنى كۆرۈپ ھاشار ،
خۇدايىمغا يىغلايدۇ .

« سادىر » — بۇ 1864 - يىلى فېئودال ئەكسىيەتچى مەنچىڭ ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى كۆتۈرۈلگەن ئىلى دېھقانلىرى قوزغىلىڭىنىڭ مەشھۇر سەركەردىسى ، ئاتاقلىق قوشاقچى ، ئۇستا ناخشىچى سادىر پالۋاننىڭ ناخشىسى بولۇپ ، « سادىر (1)» ، « سادىر (2) » ، « سادىر (3) » دېگەن نامدا تارقالغان ئۈچ ناخشىدىن ئىبارەت . بۇ ناخشىلارنىڭ تېكىستىمۇ ، ئاھاڭىمۇ سادىرغا مەنسۇپ بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان . بۇ ناخشىلارنىڭ ئاھاڭى جۇشقۇن ۋە مەردانە ئېيتىلىدىغان بولۇپ ، ئەۋج ۋە ئەگىتمىلىرىنىڭ ئىنتايىن نەپىسلىكى بىلەن ھازىرغا قەدەر كىشىلەرنىڭ ئەڭ سۆيۈپ ئېيتىشىغا سازاۋەر بولۇپ كەلمەكتە . بۇ ناخشىلارنىڭ تېكىستى سادىرنىڭ بىۋاستە كەچۈرمىشلىرىنى ، مەردانىلىقىنى ، پەم - پاراستىنى ، ئۈمىدۋارلىقىنى ، غەلىبىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئىپادە قىلىدىغان جەڭگىۋار قوشاقلىرىدىن ئىبارەت بولغاچقا ، ئوقۇغان كىشىمۇ ئۆزىدە بىر خىل مەردانىلىقنىڭ ، غەيرەت - جاسارەتنىڭ جۇش ئۇرۇپ تۇرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ . ئېنىقكى ، بۇ ناخشىلار ئەينى يىللاردا ئەكسىيەتچى مانجۇ ئىستىبداتلىرىغا قارشى كۈرەشكە

ئاتلانغان خەلقنىڭ ئاجايىپ جەڭگىۋار قورالىغا ئايلانغان :

تيانشان تاغلىرى دەيدۇ ،
مېنىڭ ياتار ماكانىمدۇر .
نېمە قىلساڭ قىل شەڭگەن ،
سېنىڭ سورار زامانىڭدۇر .

بالا كەلسە بېشىمغا ،
تاتماسقا نېمە چارە .
مەن بىلمەس قانداق يامۇل ،
قىلارمەن پارە ـ پارە .

يامۇلنىڭ ياغاچلىرى ،
ئېگىز قارىغاي چەگزە .
يامۇلدىن قېچىپ چىققان ،
سادىر ئۆزى خوخەنزە .

يامۇلنىڭ ياغاچلىرى ،
ئېگىز قارىغاي چەگزە .
سادىر ئۆزى خوخەنزە .
قولىدا پولات نەيزە .

ئات مىندىم كۆرەڭ قاشقا ،
سەكرەتتىم تاشتىن تاشقا .
چېرىك ئاتىدۇ تاشقا ،
سادىر ئاتىدۇ باشقا .

سادىرنىڭ بۇ خىل قوشاقلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ ، ھەممىسىلا

«سادىر» ئاھاڭىنىڭ ھەر ئۇچىلىسىگە چۈشۈرىدۇ. ئېيتقۇچىلار ئۆز خاھىشى بويىچە خالىغان قوشقىنى تاللاپ ئېيتىدۇ.

«كۆچ - كۆچ» — ئىلى دېھقانلىرى قوزغىلىڭىنىڭ كۈچلۈك يالقۇنى بارغانسېرى ئۇلغىيىپ، زورلۇق - زومبۇلۇقتا چەكتىن ئاشقان چىرىك مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىلىدىكى زوراۋانلىق تەختىنى پاچاقلاپ تاشلايدۇ. ئەپسۇسكى، ئۇلۇق «تەيفېڭ تيەنگو» ھەرىكىتىنى باستۇرغان گودىندەك ① بىر مەلئۇنغا ۋەتەن ساتقۇچلۇق قىلىپ، خاندانلىقنىڭ سېرىق كەمزۇلىنى كىيگۈزگەن بۇ چىرىك ھۆكۈمەت ئىلى دېھقانلىرى ئىنقىلابىنى باستۇرۇش ئۈچۈنمۇ چار روسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ ئالدىغا بېرىپ تىز پۈكىدۇ. نەتىجىدە چار روسىيە جاھانگىرلىكى كۈچلۈك ئەسكىرى قوشۇن ئارقىلىق 1871 - يىلى ئىلىنى بېسىپ ئالىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن مەنچىڭ ھۆكۈمىتى روسىيە بىلەن ئون يىلدىن ئارتۇق سۆزلىشىش ئارقىلىق ئەسلى ئىلىغا تەۋە بولغان ياركەنت (يەركەت) قاتارلىق بىر قىسىم جايلارنى روسىيىگە بېرىش ھېسابىغا ئاخىر «ئىلى - روسىيە شەرتنامىسى» نى ئىمزالايدۇ. بۇنىڭدىن نارازى بولغان خەلق مەنچىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن قورقۇش ۋە چار روسىيەنىڭ كۈشكۈرتۈشى تۈپەيلىدىن يەتتەسۇ رايونىغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. «كۆچ - كۆچ» ناملىق بۇ ناخشا ئەنە شۇ ئېچىنىشلىق تارىخنىڭ نامايەندىسىدۇر.

I

ئاق بولدى، قارا بولدى،
يۈرەكلەر يارا بولدى.

---

① گودىن — ئەنگلىيە ھەربىي ئەمەلدارى. «يۈەنمىڭيۈەن» باغچىسىنى كۆيدۈرۈپ، ۋەيران قىلغان جاللات، كېيىن ئۇ سۇدانغا بېرىپ باش ۋالىي بولۇپ تۇرغاندا، سۇدان خەلقىنى دەھشەتلىك قىرغان. سۇداننىڭ دىنى داھىسى مۇھەممەت ئەخمەت تەرىپىدىن كۆكرىكىگە نەيزە سانچىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

مەسلەت قىلمىغان ئىشلار
بۇ باشقا بالا بولدى .

بوستانغا بېرىك دەيدۇ ،
بارار يېرىمىز قۇملۇق .
راست گېپىنى ئېيتمايدۇ ،
كۆزى كۆك ، بېشى يۇڭلۇق .

كەتمەكنى خىيال ئەيلەپ ،
كېمە ياسىدۇق قاشتا .
ئاق خان بىلەن قاراخان ،
ئىنتىماق ئىكەن باشتا .

II

بىز ئىلىدىن كۆچكەندە ،
ئالتىنچى ئاي روزىدى .
دەھشەتلىك بۇ كۈنلەردە ،
ئاتا - ئانا بولىسىدى .

مىڭ جاپا بىلەن سالغان
قالدى باغۇ - بوستانلار .
يۇرتىمىزدىن ئايرىلىپ ،
دىلدا قالدى ئارمانلار .

ئىلىدىن كۆچۈپ چىقىپ ،
يانبۇلاقتىن قايرىلدۇق .

تۇغۇلۇپ ئۆسكەن جايلاردىن
ئۆلمەي تىرىك ئايرىلدۇق .

ئورۇس ھارۋىسى دەيدۇ ،
ئالدى چاقى پەس ئىكەن .
كىشىنىڭ يۇرتىغا بېرىپ ،
كۆڭ ئالماقمۇ تەس ئىكەن .

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تارىخىي ناخشىلار ناخشا شەكلىدىكى « ئىلى ئون ئىككى مۇقامى » نىڭ « ئۆستەڭ ناخشىسى » ، « گۈلەمخان » ناملىق ئىككى يۈرۈشىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان .

2 . داستان تۈسىنى ئالغان ناخشىلار :

بۇ ناخشىلار ئەينى يىللاردا مەنچىڭ دەۋرىدە يۈز بەرگەن رېئال ۋەقەلەر ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ ، ئۇنىڭدا فېئودال ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ زوراۋانلىقى تۈپەيلىدىن ئەمگەكچى خەلقنىڭ بېشىغا كەلگەن پاجىئەلەر ئىپادە قىلىنىدۇ . بۇنىڭغا « چىن مۇدەن » ، « گۈلەمخان » ، «نوزۇگۇم » ، « ئانارخان » قاتارلىق ناخشىلار مىسال بولالايدۇ .

بۇلارنى داستان تۈسىنى ئالغان ناخشىلار دېيىشىمىزدىكى سەۋەب ، بىرىنچىدىن ، بۇ ناخشىلارنىڭ ھېكايە تۈسىنى ئالغان تەپسىلىي ۋەقەلىكى بار ، ئىككىنچىدىن ، بۇ ناخشىلاردا ئېيتىلىدىغان قوشاقلار ئەنە شۇ ۋەقەلىك ئىزىنى بويلاپ تۈزۈلگەن . گەرچە ناخشىدىكى ئىخچاملىق تەلىپى بويىچە بۇ قوشاقلارنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىش مۇمكىنچىلىكى بولمىسىمۇ ، بۇ ناخشىلارنى ئېيتىۋاتقاندا ، تىڭشىغۇچىلارنىڭ كۆز ئالدىدا بۇ ناخشىلارنىڭ ۋەقەلىكى ۋە شۇ ۋەقەلىكىنى بويلاپ تۈزۈلگەن قوشاقلىرى ھامان گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ . ئەگەر كومپوزىتورلىرىمىز بۇ خىل ناخشىلاردىكى ئاساسىي ئاھاڭنى بىر ئاز شاخلىتىپ ، ھەر قايسى ناخشىدىكى ۋەقەلىكنى ئىپادە قىلغۇچى قوشاقلارنى

تولۇق ئېيتىدىغان ھالەتنى شەكىللەندۈرسە، بۇ ناخشىلار ئىسمى جىسمىغا لايىق داستان بولۇپ قالاتتى. شائىر، يازغۇچىلىرىمىز بۇ ناخشىلارنىڭ ۋەقەلىكى ئاساسىدا داستان، ھېكايە، پوۋېست، دراما، ئۇسسۇللۇق تىياتىر قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازدى، لېكىن، بۇ كۇپايە قىلمايدۇ. بۇ داستان تۈسىنى ئالغان ناخشىلار بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزنىڭمۇ كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يارىتىشىغا خام ماتېرىيال بولالايدۇ.

3. ھەر خىل تېمىدىكى ناخشىلار:

بۇ ناخشىلارنىمۇ تېماتىك مەزمۇنىغا ئاساسەن سىياسىي ناخشىلار، تۇرمۇش ناخشىلىرى، مۇھەببەت ناخشىلىرى، ئەمگەك ناخشىلىرى قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈش مۇمكىن. بۇ خىل ناخشىلار يۇقىرىدىكى ئىككى خىل ناخشىدىن كېلىپ چىقىشى ۋە مەزمۇنى جەھەتتىن مەلۇم دەۋر ( كونكرېتنى يىل ) ، ياكى مەلۇم شەخسكە مەنسۇپ ئەمەسلىكى بىلەن پەرقلىنىدۇ. بۇ خىل ناخشىلار مۇزىكا جەھەتتىن مۇقىملىققا ئىگە بولسىمۇ، تېكىست جەھەتتىن ئاساسەن مۇقىملىققا ئىگە ئەمەس. شۇ سەۋەبتىن بۇ خىل ناخشىلارنىڭ كۆپ قىسمى مۇزىكا ئېھتىياجى بىلەن بارلىققا كەلگەن نەقراتنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە. مەسىلەن: « خانلەيلۇن »، « ياسىنىڭ دەردىڭ »، « گۈليار »، « ئالتۇنجان »، « گۈلزارەي »، « نادان » دېگەنلەرگە ئوخشاش. بۇ خىل ناخشىلار مۇزىكا جەھەتتىن مۇقىملىققا ئىگە بولۇپ، تېكىست جەھەتتىن مۇقىملىققا ئىگە ئەمەس. شۇڭا بۇ خىل ناخشىلارنىڭ تېكىستى ناخشىچىنىڭ قوشاق بايلىقىغا ئاساسەن سورۇن ۋە كەيپىيات ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بەزى ناخشىچىلار ئىلھام كۈچىگە تايىنىپ، سورون تەلىپىگە ئاساسەن توقۇپمۇ ئېيتىۋېرىدۇ.

تېكىستى مۇقىملىققا ئىگە بولغان ناخشىلار ئانچە كۆپ سانىنى تەشكىل قىلمايدۇ. بۇ خىل ناخشىلار ئاساسىي تېكىستنىڭ بىرىنچى مىسراسىنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدۇ، « ئاھ ئۇرارمەن »، « ۋادەرىخا »، « ئاق بېلىق »، « شەرۋانىخان »، « داگەنزىدە »، « تاغلار ئارا » دېگەنلەرگە ئوخشاش. دېمەك، مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بۇ تېمىلار ئاھاڭغا ئەمەس، تېكىستقىلا مەنسۇپ بولۇپ كەلمەكتە. شۇنداق ئىكەن، تېكىستنىڭ ئالمىشىشى بىلەن ئىسمىنىڭمۇ تارىختىن بۇيان ھەرخىل ئاتىلىپ كېلىشى تەبىئىي.

بۇ خىل ناخشىلارنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى ئانچە ئېنىق بولمىسىمۇ، ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ مېلودىيە شەكلى، ئاھاڭ تۈسى، ئىچكى راۋاجى جەھەتتىكى ئۆزىگە خاسلىقى مۇشۇ ناخشىلار ئارقىلىقلا ئىپادە قىلىنىدۇ. شۇڭا، بۇ خىلدىكى ناخشىلارنى مۇزىكا شەكلى جەھەتتىن يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىككى خىل ناخشىنىڭ ئانىسى دېيىشكە بولىدۇ. شۇنداق ئىكەن، بۇ خىل ناخشىلارنى تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىغاندا يېقىنقى ئىككى يۈز يىل دائىرىسىدىلا چەكلىنىپ قالغىنىمىزدا ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ ھەقىقىي تارىخىنى يورۇتۇپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىمىز. خەنزۇ تارىخچىلىرىنىڭ تاڭ دەۋرىدىلا، غەربىي دىياردا لاڭگى (ئاھاڭى بۆرە ھوۋلىشىغا تەقلىد قىلىنغان ناخشىلار) بار، دەپ يازغانلىقىنى كۆپلەپ ئۇچرىتىمىز. ناخشىلاردىكى بۇ خىل خۇسۇسىيەتنى ھازىر ئىلى خەلق ناخشىلىرىدىن گەۋدىلىك ھېس قىلالايمىز. «ۋادەرىخا»، «ئەۋرىشىم»، «ئاھ ئۇرارمەن»، «خانلەيلۇن»، «جۇنۇن»، «جانەي» قاتارلىقلار بۇنىڭ تىپىك مىسالى بولالايدۇ.

بۇ ناخشىلارنىڭ ئاھاڭى نېمە ئۈچۈن بۆرە ھوۋلىشىغا تەقلىد قىلىنىدۇ؟ بىزگە مەلۇمكى، بۆرە ئەينى زامانلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇرۇقداشلىق توتېمى بولغان. خۇددى خەنزۇلار ئەجدىھارغا، روسلار ئېيىققا سىغىنغاندەك، ئۇيغۇرلار بۆرىگە سىغىنغان ۋە ئۇنىڭ باش سۈرىتىنى بايراقلىرىغا چۈشۈرۈپ ئۆز يۈرۈشلىرىدە كۆتۈرۈپ يۈرگەن.

ئىلى ۋادىسى كېيىنكى بىرەر يۈز يىللىق جەرياندا تۈركلىشىپ كەتكەن چاغاتاي ئەۋلادلىرىنىڭ خانلىق تالىشىش ئۇرۇشىنىڭ قانلىق مەيدانىغا ئايلىنىپ قالغان بولسىمۇ، خۇددى نۇرغۇن تارىخىي جەريانلار ئىچىدىمۇ ئۆزىنىڭ ساپ ۋە پاكىزلىكى بىلەن ئەينىنى يوقاتمىغان تىلىمىزغا ئوخشاش، ئىلى خەلق ناخشىلىرىمۇ ئەسلىدىكى ئاساسىنىڭ كۈچلۈكلۈكى بىلەن ئۆزىگە خاس شىۋە ۋە ئۇسلۇبى بويىچە ئۆز خۇسۇسىيىتىنى ساقلاپ، مەنچىڭ دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن تارىخى ۋە داستان تۈسىنى ئالغان ناخشىلارنىڭ ئانىسى بولۇپ قالدى.

ئىلى خەلق ناخشىلىرى كېيىنچە شەرقىي ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىن كەلگەن نۇرغۇن ناخشىلار بىلەن زور دەرىجىدە بېيىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆ-

زىنىڭ شىۋە ۋە ئۇسلۇبىنى ساقلاپ قالالىغانلىقىنى ، ھەتتا ئون ئىككى مۇقامنىمۇ ئۆز شىۋە ۋە ئۇسلۇبى بويىچە ئۆزلەشتۈرۈپ قوبۇل قىلغانلىقىنىمۇ يۇقىرىقى سەۋەبلەردىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. پېشقەدەملەرنىڭ يۇقىرىقى ئۈچ تۈردىكى ناخشىلارنى كۈي شەكلى ۋە مەزمۇنىغا ئاساسەن تاللاپ ۋە پىششىقلاپ ، ئون ئىككى يۈرۈش بويىچە ئىشلەپ چىقىشى ئىلى خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى ناخشا ـ مۇزىكىلىرى ئارقىلىق ئىلى خەلقىنىڭ ئۆزىگە خاس تارىخى ، تۇرمۇش ئادىتى ، پسىخىك خۇسۇسىيىتى ۋە ناخشا ـ مۇزىكا ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ئىلى يەرلىك مۇقامىنى بەرپا قىلىشقا ئىنتىلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى .

بۇ ناخشا شەكلىدىكى « ئون ئىككى مۇقام » نىڭ ھەرقايسى يۈرۈشلىرىنىڭ نامى ۋە ئۇنىڭ تەركىبىدىكى ناخشىلار تۆۋەندىكىچە :

1 . ئۆستەڭ ناخشىسى ①:

① ئۆستەڭ ناخشىسى ، ② بىز ئاتلاندۇق ، ③ ۋاگخۇلۇ ، ④ جۇنۇن ، ⑤ جۇخار يىگىياڭ ، ⑥ جانان قىز ، ⑦ ئالتۇن بىلەن رەنا ، ⑧ يىپەك رومال .

2 . گۈلەمخان

① گۈلەمخان (1) ، ② گۈلەمخان (2) ، ③ سىپىل ناخشىسى ، ④ كۆچ ـ كۆچ ، ⑤ دەردى ھۆسىيۈن ، ⑥ سادىر (1) ، ⑦ سادىر (2) ، ⑧ سادىر (3) .

3 . ئورما ناخشىسى

① ئورما ناخشىسى ، ② نوزۇگۇم ، ③ لەيلىخان ـ ئانارخان ، ④ چىڭمۇدەن ، ⑤ مۇدەنخان ، ⑥ ئالتۇنجان ، ⑦ ئانارخان .

4 . كوچا ناخشىلىرى

① كوچا ناخشىسى (1) ، كوچا ناخشىسى (2) ، ③ جانەي ④ مەستۇن ـ ھەيران ، ⑤ نىگارىمسەن (1) ، ⑥ نىگارىمسەن (2) ، ⑦ ئەۋرىشىم .

5 . خانلەيلۈن

---

① ئابدۇۋەلى جارۇللايوپ ۋارىسلىق قىلىپ ساقلاپ كەلگەن ۋە 1987 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان « ئىلى خەلق ناخشىلىرى » ناملىق كىتاب بويىچە تۈزۈلدى .

① كىچىك خانلەيلۇن ، ② چوڭ خانلەيلۇن ، ③ خانلەيلۇن ، ④ گۇلمەشۇق ، ⑤ نودەركام ناخشىسى ، ⑥ كىچىك ئايلىنخان ، ⑦ كىچىك ئالتۇنۇم ، ⑧ گۇليار .

6 . دەردىڭ يامان

① دەردىڭ يامان ، ② يار سېنىڭ دەردىڭ ، ③ يار سېنىڭ دەردىڭگا ، ④ داگەنزىدە ، ⑤ شەرۋانىخان ، ⑥ ئاق بېلىق ، ⑦ ئوينىۋالاي ئايلىنخان .

7 . ئاھ يارىمەي

① ئاھ يارىمەي ، ② گۇللەيلۇن ، ③ مەپىگە چۇشكەن بىلەن ④ بۇگۇن ئىككى كۈن بولدى ، ⑤ نادان (1) ، ⑥ نادان (2) .

8 . ھەي ـ ھەي نادان

① ھەي ـ ھەي نادان ، ② شازادىخان ، ③ چوڭ ئاھ يارەي .

9 . گۇل قىسقان مېنىڭ يارىم

① گۇل قىسقان مېنىڭ يارىم ، ② گۇلشەدىخان ، ③ جېنىم خېنىم ، ④ غەم ـ قايغۇ (1) ، ⑤ غەم ـ قايغۇ (2) ، ⑥ ئاھ ئۇرارمەن ، ⑦ ئېگىز ـ ئېگىز تاغ باشىدا .

10 . ۋادىرىخا

① ۋادەرىخا ، ② ئاھاڭ (1) ، ③ ئاھاڭ (2) ، ④ ئاھاڭ (3) ، ⑤ دەردى ئەلەم . ⑥ گۇليار . ⑦ كۆك قۇمۇش .

11 . ئۆرگىلەي

① ئۆرگىلەي (1) ، ② ئاھاڭ (1) ، ③ ئاھاڭ (2) ، ④ ئۆرگىلەي (2) ، ⑤ ئەرزىم دادەي ، ⑥ ئەرزىم .

12 . لەيلۇن

① كىچىك لەيلۇن ، ② چوڭ لەيلۇن ، ③ گۇلزارەي ، ④ تاغلار ئارا ، ⑤ ئېتىم بوزئات ، ⑥ چوڭ ئالتۇنۇم .

يۇقىرىقى « ئون ئىككى يۇرۇش » دائىرىسىدىكى ناخشىلار مەزمۇن ۋە كۈي شەكلى بويىچە ئۆزئارا بىرىكىپ ، بىر ـ بىرىنى تولۇقلاش ئاساسىدا ئاھاڭدا ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىش ياساپ ، ئۈزلۈكسىز تەرەققى قىلىش ئارقىلىق

رەڭدار مېلودىيىگە ئىگە مۇكەممەل سىستېما شەكىللەندۈرگەن. مانا بۇ سىستېما مۇقامنىڭ ناخشا شەكلىدىكى «ئون ئىككى يۇرۇش» نى پەرپا قىلغۇچى ئامىل ھېسابلىنىدۇ.

بۇ سىستېما ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەنئەنىۋى ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى ئۆز تەركىبىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەنلىكى بىلەنلا ئەمەس، ئىلى خەلقىنىڭ ئۇزاق ئۆتمۈش تارىخىدىكى بىۋاستە كەچۈرمىشلىرىنى، پىكىر - ھېسسىياتلىرىنى، زوراۋانلىققا قارشى قەتئىي ئىرادىسىنى، مەردانىلىقىنى، پەم-پاراسىتىنى، ئۈمىدۋارلىقىنى، ئىجتىمائىي ئەخلاق پەزىلەتلىرىنى، شۇنداقلا كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچىسىنى مۇقام ئىزى بىلەن «ئون ئىككى يۇرۇش» كە يىغىنچاقلىغانلىقى بىلەنمۇ ئالاھىدە قەدىرلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ يۇرۇشلەشتۈرۈش دائىرىسىگە كىرمىگەن ناخشىلار ① بىر قىسىم كىشىلەر تەرىپىدىن يۇرۇشلەشتۈرۈلۈپ «ئون ئىككى» دىن ئاشۇرۇۋېتىش دائىرىسىدە بىر مۇنچە خىزمەتلەر ئىشلەنسىمۇ، يەنىلا شۇ «ئون ئىككى يۇرۇش» ئۆز ئالاھىدىلىكى بىلەن نامايان بولۇپ كېلىۋاتىدۇ.

## مۇقامنىڭ «خانىقا ناخشىلىرى» سىستېمىسىدىكى ئىپادىسى

خانىقا — تەسەۋۋۇپچىلار (سوپى - ئىشانلار) نىڭ زىكرى - سۆھ-

---

① ئىلى دائىرىسىدە «خەلق ناخشىلىرى» نامىدا تارالغان قەدىمىي ناخشىلار تولىمۇ كۆپ بولۇپ، ھازىرغا قەدەر تولۇق بىلەن يىغىۋېلىنغىنى يوق. بۇنىڭ ئىچىدە «خانىقا ناخشىلىرى» (ھاپىز ناخشىلىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، «پىرە ناخشىلىرى» قاتارلىقلارمۇ ئاز ئەمەس. بۇ ناخشىلارنىڭ زادى قانچىلىك ئىكەنلىكىنى قازاقىستان يازغۇچىسى ھ. ۋاھىدۇپنىڭ ئىلىدىكى پېشقەدەم خەلق ناخشىچىسى روزەم ساقال بىلەن قىلغان مۇنۇ سۆھبىتىدىن قىسمەن پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. ھ. ۋاھىدۇپ مۇنداق يازىدۇ: يېقىنقى زامان ئۇيغۇر كۈيشۇناسى روزى ساقال مۇنداق دەيدۇ: «دادام چالغۇ قوراللىرى بىلەن ئۇيغۇر كۈيلىرى ۋە ناخشىلىرىدىن بىر مىڭ ئىككى يۈزنى چېلىپ ئېيتاتتى. مەن تۆت يۈز نەغمىنىلا چالالايمەن ۋە ئېيتالايمەن». «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى 1983 - يىللىق 3 - سان، 76 - بەت.)

بەت سورۇنى ھېسابلىنىدۇ.

زىكرى قىلىش ئىككى خىل ئۇسۇلدا ئېلىپ بېرىلىدىغان بولۇپ، بىر خىلى كوللېكتىپ جىم ئولتۇرۇش ئارقىلىق خۇداغا بولغان سېغىنىشنى دىلدا ئىپادىلەش. يەنە بىر خىلى ناخشا ــ قوشاق، تەلقىنلەر ئارقىلىق تىلدا ئىپادىلەش.

تەسەۋۋۇپچىلىق ئىلى تەۋەسىگە ئىلىنىڭ ئۇچىنچى ئەۋلاد ھاكىمبېگى مېلىكىزات (1805 ــ يىلدىن 1814 ــ يىلغىچە ۋەزىپە ئۆتىگەن) دەۋرىدە ئىلىغا كەلگەن تۇرپانلىق پادىشاھ قۇلى خەلپەم بىلەن ھەمرىيى (قۇمۇللۇق) نەزەر سوپۇملار تەرىپىدىن كىرىپ كېلىدۇ.

ئەينى يىللاردا شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدا ئالىقاچان ئەۋجگە چىققان بۇ ئەقىدىنىڭ ئىلىدا ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولۇشى ئىلىدىكى بەگلىك ۋە دىندارلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىدۇ. شەخسەن مېلىكىزات ئۆزى ئاللا قۇلى ① ھۇزۇرىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا يۇرتقا يېقىنراق بولغان قادىر يۇزىدىن ② يەر ــ سۇ ئاجرىتىپ بېرىپ، ئۇنىڭ خانىقا قۇرۇپ، ئۆز پائالىيىتىنى كەڭ ــ كۇشادە ئېلىپ بېرىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ مۇرىتلىرى تېزلا كۆپىيىپ، ئۇنىڭ زىكرى ــ سۆھبەتلىرىگە داخىل بولىدىغانلار ھەسلەپ ئاشىدۇ. تېيىپجان ھادى [«خەلپەم مەھەللىسى» ۋە خەلپەملەر توغرىسىدا] ناملىق ماقالىسىدا ئۇلارنىڭ زىكرى ــ سۆھبەت سورۇنى توغرىسىدا مۇنداق بايان قىلىدۇ: «ئاللا قۇلى خەلپەمدىن كېيىن، پەرزەندى خۇدا قۇلى خەلپەم ئۆز زىكرى ــ سۆھبەت، تەلقىنلىرىنى تېخىمۇ تەسىرلىك قىلىش ئۈچۈن، بۇ ئىشقا ئەل نەغمىچىلەرنى قاتناشتۇردى. مۇشۇ مەزگىلدە، جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئىلىغا كۆچۈپ چىققان كۆچمەنلەر ئىچىدە «ئىمىن نەغمىچى» دېگەن مەشھۇر سازەندەر بولۇپ، ئۇ خانىقالاردا ساز چېلىپ شۆھرەت قازانغان ئىدى. بۇ ھەقتە شۇ چاغدىكى خاتىرىلەردە: «بۇل چاغدا ئىمىن نەغمىچى دەپ بىر نەغمىچى بار ئىدى. ئۇ ھەممە نەغمىلەرنى تامامىغا يەتكۈزگەن ئادەم ئىدى. راۋاب، قالۇن، ساتار، تەمبۇر، داپلارنى سەداغا

---

① پادىشاھ قۇلى خەلپەم ئىلىغا كەلگەندە خېلىلا ياشىنىپ قالغانىدى. ئۇ ئۇزۇن ئۆتمەي ۋاپات بولۇپ، ئورنىغا ئېرشات بويىچە ئاللا قۇلى خەلپە بولدى.

② قادىر يۇزى ــ «ئارا ئۆستەڭ» يېزىسىنىڭ ئەسلى ئىسمى.

كـەلـتۈرۈپ، ئۆزھال، مۇشاۋرەك، ئۇششاق، چەببيات ... دېگەن مۇقاملارنى مـوسـىقـى ئاۋازلـىـرى بـىلـەن ئىختىرا قىلىپ، شېكەر زابانلىرى بىلەن غەزەل نـاۋايـىلارنى ئوقۇپ، سەماغا چۈشۈپ، بىر قانچە سوپىلار ھوشىدىن كېتىپ، بـۇ نـەغـمـىـلەردىن پەيزى پەتۇھاتلار بولۇشۇپ، يىغا ـ زارە، دۇئا ـ تەلەپلەر بولۇر ئىدىلەر ... » دەپ يېزىلغان.

يـۇقـىـرىقى بايان بىزگە ئون ئىككى مۇقامنىڭ 1800 ـ يىللارنىڭ 10 ـ 20ـ يـىـلـلـىـرىلا ئـىـلـى تـەۋەسىگە خاس بولغان « خانىقا ناخشىلىرى » نىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس ياراتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

خـانـىـقـا نـاخشىلىرى شۇنىڭدىن بۇيان گەرچە ئازادلىققا قەدەر ( ئۈچ ۋىلايـەت ئـىنقىلابى مەزگىلىدىمۇ ) مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن، ئون ئـىـكـكى مۇقام شەكلى بىلەن ئەمەس، ئۆزىگە خاس ئۆزگىچە شەكىل ھا- سـىـل قـىـلـىـپ، ئىخلاسمەنلەرنىڭ ئىككى ياققا چايقىلىپ « ھۇ ـ ھۇم، ئاھ ـ ھۇم، ئاھ ـ ئاھ ـ ھۇم، ھۇم ـ ھۇم ـ ئاھ ... » قـاتـارلـىـق جـار سـېلىشلىرىغا ماسلىشىپ، ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىش بىلەن بىللە، يەرلىك خەلق ئاھاڭـلـىـرى بـىـلـەن قـوشـۇلۇپ، مۇقەددىمە، تەزە، نۇسخا، جۇلا، سەنەم، سـەلـىـقـە قـاتـارلىق چوڭ نەغمە ئاتالغۇلىرىنى يوقىتىپ، ھۆكمەت (مۇقەددىمە ئورنـىـدا )، 1 ـ تـەلـقـىـن، 2 ـ تەلقىن، 3 ـ تەلقىن، 4 ـ تەلقىن ... قاتارلىق نـاملار بـىلـەن ئۆزىگە خاس قىياپەت ھاسىل قىلدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھـ- ـۆكـمـەت (مـۇقەددىمە ) دىن كېيىنكى تەلقىن قىسمىنـىـڭ ھـەر بـىـرى 5 ـ 6 ئۆزگـىـرىـشـلـىـك نـاخـشىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بىر يۈرۈش ھۆكمەت ئـىـكـكـى سائەتكە قەدەر داۋاملىشىدىكەن. مۇشۇنداق ئىككى سائەت ئەتراپىدا داۋاملىشىدىغان يۈرۈشلۈك ناخشىلار 6 ـ 7 تۈرگە بارىدىكەن.

مـۇقامشۇناس زىكرى ئەلپەتتانىڭ 1971 ـ يىلى ئۆزئارا سۆھبىتىمىزدە : « خـانىقا ناخشىلىرى رىتىم ـ ئۇدار، ئاھاڭ تۈسى جەھەتتە مۇقام نەغمىلىرىگە تـولـىـمـۇ يـېـقىن » دېگەنلىكى تېخىچە يادىمدا. دەرۋەقە ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق ئوپـېرا ئۆمىكى تەركىبىدە قۇرۇلغان « مۇقام گۇرۇپپىسى » غا يېتەكچىلىك قىـ- لـىـپ، « ئون ئـىـكـكـى مـۇقـام » نـى رەتـلـەش، تـولۇقلاش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا كەم ـ كۈتا مۇقام نەغمىلىرىنى تولۇقلاشتا پايدىلىنىش ئۈچۈن بـىـر تۈركۈم ياشلارنى يېتەكلەپ، ئىلىغا بېرىپ، خانىقا ناخشىلىرىنى

لىنتىغا ئېلىپ كەلدى. ھازىر بۇ لېنتىلار ئاپتونوم رايونلۇق مۇقام ئانسامبىلىدا ساقلانماقتا.

سوۋېت ئۇيغۇرلىرى قايتا رەتلىگەن ئىلى ئون ئىككى مۇقامىدىمۇ، ئۇ-نىڭ كەم ـ كۇتىلىرىنى تولۇقلاشتا خانىقا ناخشىلىرىدىن پايدىلانغان. بۇ ھەقتە ب. ئەرشىدىنوۋ مۇنداق يازىدۇ: « تاشكەنتتە ئېلىپ بېرىلغان رەتلەش جەريانىدا بولسا بايات، سىگاھ، ئىراق مۇقاملىرىغا ھاپىزلارنىڭ تەلقىنلىرى كىرگۈزۈلدى » ①.

يۇقىرىقى مىساللار ئون ئىككى مۇقام ئاساسىدا شەكىللەنگەن « خانىقا ناخشىلىرى » نىڭ يەرلىك مۇزىكا بايلىقى ئاساسىدا ئۈزلۈكسىز سىستېمىلىشىپ، ئۆزىگە خاس شەكىل ھاسىل قىلغان بولسىمۇ، لېكىن رېتىم-ئۇدار، ئاھاڭ تۈسى جەھەتلەردىن يەنىلا مۇقام ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ، مۇقام شەكلىنىڭ دىنىي سورۇنلاردىكى تەرەققىيات مەھسۇلى، ئەلۋەتتە.

## مۇقامنىڭ « ئىلى سەنىمى » دىكى ئىپادىسى

« سەنەم » ئاتالغۇسى ئون ئىككى مۇقامنىڭ چوڭ نەغمە تەركىبى-دىكى « سەنەم » ئاتالغۇسى بىلەن ئوخشاش ئۇقۇمغا ئىگە بولۇپ، شوخ ئۇسسۇل پەدىلىرىنىڭ مۇجەسسەملەشكەن شەكلى ھېسابلىنىدۇ. لېكىن ئۇ ھەجمىنىڭ زورلۇقى، ئاھاڭلىرىنىڭ موللۇقى، رېتىم ـ ئۇدارلىرىنىڭ خىلمۇ-خىل، مېلودىيىلىرىنىڭ رەڭدار ھەم ئۆزگىرىشچانلىقى بىلەن ئون ئىككى مۇ-قامدىكى « سەنەم » گە ئەمەس، بەلكى نەغمە شەكلىدىكى يەرلىك مۇقاملارغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

لېكىن ئاھاڭلىرىنىڭ بىر ـ بىرىنى تولۇقلاش ئارقىلىق، رېتىم ـ ئۇدارلىرىنىڭ بالداقمۇ ـ بالداق شوخلىشىپ، ئۇسسۇل سورۇنىنىڭ يۇكسەك پەللىسىنى نامايان قىلىش ئالاھىدىلىكى بىلەن يەرلىك مۇقاملاردىنمۇ پەرقلە-نىدۇ.

يەرلىك مۇقاملار گەرچە شوخ ئۇسسۇل پەدىلىرىنى نامايان قىلىش

---

① « ئون ئىككى مۇقام » 1987 ـ يىل، ئالمۇتا نەشرى، 16 ـ 17 ـ بەتلەر.

ئىقتىدارىغا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن، مۇقەددىمىدىن كېيىنلا ئۇسسۇل پەدىسىگە ئەمەس، ناخشا شەكلىدىكى بىر قانچە ئۆزگىرىشلىك ئاھاڭلار باسقۇچىدىن كېيىنلا، ئاندىن ئۇسسۇل پەدىسىگە يۆتكىلىپ، ئاستا ـ ئاستا شوخ ئۇسسۇل پەدىلىرىگە قاراپ راۋاجلىنىدۇ.

« سەنەم » لەردىمۇ مۇقەددىمە بولىدۇ. لېكىن، بۇ مۇقەددىمە پەرلىك مۇقاملاردىكىدەك بىر پۈتۈن نەغمە ئاھاڭىنىڭ ئاساسىي مېلودىيىلىك رولىنى ئەمەس، بەلكى ئۇسسۇلچىلارنى ئۇسسۇلغا تەييارلىنىشقا يېتەكلەش رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا « سەنەم » مۇقەددىمىلىرى بىر ـ ئىككى مىسرادىن، ئۈچ ـ تۆت مىسرا ئاھاڭدىنلا تەركىب تاپقان بولىدۇ.

« سەنەم » لەردىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىك ـــ ئۇنىڭ تەركىبىدىكى ئا۔ ھاڭلارنىڭ يەرلىك مۇقاملار تەركىبىدە بولماسلىقى بىلەنمۇ گەۋدىلىنىدۇ. بۇ ھال ئۇنىڭ مۇستەقىل ژانىرلىق ئالاھىدىلىكىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۇرۇش بى۔ لەن بىللە، ئۇنىڭ ئېنىق قۇرۇلما، مۇقىم مېلودىيە، رەڭدار رېتىم ـ ئۇدار، شۇنداقلا، مۇكەممەل شەكىل ۋە مەزمۇنغا ئىگە ئالاھىدە خۇسۇسىيىتىنى تې۔ خىمۇ نامايان قىلىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئۆز ئىچكى قۇرۇلمىلىرىنى ئۇسسۇل سەنئىتى قانۇنىيىتى بويىچە مۇكەممەللەشتۈرگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى.

« سەنەم » لەر شۇ ۋەجىدىن توي ـ تۆكۈن، مەشرەپ سورۇنلىرىنىڭ ئۆزۈلمەس مېلودىيىسىگە ئايلىنىپ، قايىنام ـ تاشقىنلىق كەيپىيات، يۈكسەك بەدىئىي زوقلىنىشنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە گەۋدىلىنىپ كەلمەكتە.

« سەنەم » لەرنىڭ قاچان پەيدا بولغانلىقى ھەققىدە ئېنىق تارىخىي مەلۇمات يوق، لېكىن، « ئون ئىككى مۇقام » ئۆز تەركىبىدە شەكىللەندۇر۔ گەن « سەنەم » نىڭ ئۇسسۇل خاراكتېرىگە ئىگە قىلىنغانلىقىدىن، ئۇنىڭ بىز تىلغا ئېلىۋاتقان « سەنەم » گە تەقلىد قىلىنغان ھالدا ۋۇجۇدقا چىقىرىلغانلىقىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، « سەنەم » لەرنىڭ يېشىنى ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئانىسى بولغان يەرلىك مۇقاملاردىن ئانچە كىچىك دەپ ھېسابلىيالمايمىز.

« سەنەم » لەر شۇ خىل ئالاھىدىلىكى بىلەن مۇزىكىنىڭ مۇقاملاردىن كېيىن قالسىلا، يەنە بىر يىرىك ژانىرى سۈپىتىدە گەۋدىلىنىپ، ھەرقايسى

يۇرتلاردا شۇ يۇرتنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكى، يەرلىك مۇزىكا بايلىقى، ئىستې-تىك زۇقلىنىشى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن ئۆز ئىپادىسىنى تېپىپ، ئۆز ھاياتىي كۈچىنى جۇلالاندۇرۇپ كەلمەكتە.

«ئىلى سەنىمى» ئەنە شۇ خىل «سەنەم» شەكلى بويىچە بارلىققا كەلگەن شوخ ئۇسسۇل پەدىلىرىنىڭ مۇجەسسەملەشكەن نامايەندىسىدۇر. ئۇ ئۆز تەركىبىدە ئۇن توققۇز ئۇسسۇللۇق ناخشىنى گەۋدىلەندۇرگەن بولۇپ، ھەر بىرىدە ئۆزىگە خاس ئۇسۇل شەكلىنى يارىتىش ئارقىلىق «سەنەم» شەكلىنىڭ يۇقىرى تەرەققىياتىنى ئەكس ئەتتۇردى (باشقا يەرلىك سەنەملەر ئەڭ كۆپ بولغاندا بەش ئۆزگىرىشلىك ئۇسۇل پەدىلىرى بىلەن چەكلىنىدۇ). ئىلى سەنىمىدىكى بۇ خىل ئالاھىدىلىك ئۇنىڭ ئەينى يىللاردىكى «بەگلەر نەغمىسى» تەركىبىدىكى نەغمە ئاھاڭلىرىنى قوبۇل قىلىش ئاساسىدا ئۆز تەركىبىنى بېيىتىپ، مۇكەممەللەشتۇرۇپ كەلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى. بۇنىڭغا ھازىر ئۇنىڭ تەركىبىدە ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان «سەن - سەن، مېنى سەن»، «مەشۇقۇم» ئاھاڭلىرىنىڭ «بەگلەر نەغمىسى» تەركىبىدىكى «مۇشاۋىرەك» تىمۇ، تۇرپان ئۇن ئىككى مۇقامىدىكى «مۇشاۋىرەك» تىمۇ مەۋجۇتلۇقى (جۇلاسىدا) ئىسپات بولالايدۇ.

يۇقىرىدا تۇرپان ئۇن ئىككى مۇقامى ئاساسىدا شەكىللەنگەن «بەگلەر نەغمىسى» نامىدىكى ئىلى قەدىمى ئۇن ئىككى مۇقامىنىڭ قانداقتۇ «كۆچ - كۆچ» ۋەقەسى بىلەنلا يوقاپ كەتكەن بولماي، خەلقنىڭ ۋارىسلىق قىلىش ئىختىيارى بويىچە «يۇرۇشلەشتۇرۇلگەن ئىلى خەلق ناخشىلىرى»، «خانىقا ناخشىلىرى»، «ئىلى سەنىمى» دىن ئىبارەت ئۈچ تۇرگە سىڭىشىپ، ئۇنىڭ مۇقامغا خاس ئالاھىدىلىك بىلەن گەۋدىلىنىشىگە ئاساس يارىتالىلىقىنى كۆ-رۈپ ئۆتتۇق، ئەمدى 1930 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ شەكىللەنگەن «ئىلى ئۇن ئىككى مۇقام» نىڭ ئانىسى بولغان كلاسسىك ئۇن ئىككى مۇقامنىڭ ئىلى تەۋەسىگە تارقىلىشى ۋە قوبۇل قىلىنىشى جەريانى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

بۇ ھەقتە گەپ ئېچىلسا، ئۇنىڭ جەريانى ئادەتتە « تەخمىنەن 1883 ـ يىلى مۇھەممەت موللا دېگەن كىشى 〈 مۇقام 〉 نى قەشقەردىن ئىلىغا ئېلىپ باردى. مۇقامنىڭ داستانى ئىلىدا بىر قەدەر ئىشلەنگەندىن كېيىن، ئاھاڭ تەرەپتىن تېخىمۇ يىغىنچاق، ئۇسلۇب تەرەپتىن تېخىمۇ شوخ بولدى » دېيىلىپ كەلدى.

مېنىڭچە « مۇقام » نىڭ ئىلىغا كىرگەن مەزگىلىنى ۋاقىت جەھەتتىن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان « ھەممە نەغمىلەرنى تامامىغا يەتكۈزگەن مەشھۇر سازەندە » ئىمىن نەغمىچى ئارقىلىق 1800 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغا ئەمەس، بەلكى 1763 ـ يىللىرى جەنۇبتىن ئىلىغا كۆچۈرۈلگەن كۆچمەنلەر دەۋرىگىچە سوزۇشقىمۇ بولىدۇ. لېكىن، بىز تىلغا ئېلىۋاتقان « مۇقام » نىڭ ئىلىدا شەكىللىنىشىنى 1930 ـ يىللار دائىرىسىدىن قاراپ كۆرۈشكە بولىدۇ.

ئۇنداقتا بۇ مۇقام ئىلىدا نېمە ئۈچۈن شۇنچە كېچىكىپ نامايان بولدى؟

بۇنى يەنىلا يەرلىك خەلقنىڭ ۋارىسلىق ئالاھىدىلىكى بىلەن شەرت ـ شارائىت مەسىلىسىگە باغلاپ تونۇشقا توغرا كېلىدۇ.

بۇنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ئىلىلىق پېشقەدەملەرنىڭ مۇھەممەت موللا كارۇشاڭ ئاخۇنۇم توغرىسىدىكى ئەسلىملىرىنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ ئۆتەيلى:

پېشقەدەم خەلق سەنئەتچىسى ئەزىم موللا بىننى باقى مۇنداق بايان قىلىدۇ: « ئەسلىشىمچە، بۇ ئادەم ئوتتۇرا بويلۇق، بۇغداي ئۆڭ، ئاغزى يۇغانراق، كالپۇكلىرى قېلىن كىشى ئىدى. ئۇچىسىغا قەشقەرچە پېرىنجە، ئاق كۆڭلەك، ئايىغىغا كەشە كىيىپ يۈرەتتى. 1915 ـ يىللىرى 〈 تۈت كۈۋرۈك 〉 مەھەللىسىدىكى تۇداخۇن باينىڭ قورۇسىنىڭ ئورنىدا جولوزۇڭ دېگەن شىبەنىڭ جايى بولۇپ، چوڭ كوچىدا قاتار كەتكەن قىزىل سىرلاقلىق دۇكانلار بار ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى قوش ئىشكلىك چوڭ بىر دۇكان

ساماۋارخانه بولۇپ، يېنىدا سېرىق تاماكا چېكىدىغان مەيدان بار ئىدى. بۇ يەرگە چاي ئىچىش، سېرىق تاماكا چېكىش ئۈچۈن ئادەملەر نۇرغۇن يىغىلاتتى. كارۇشاڭ ئاخۇنۇم مۇشۇ يەردە مېھمانلارغا ساتار چېلىپ، مۇقام ئېيتىپ بېرەتتى. مېھمانلار ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئاتىغان پۇللىرىنى پەتنوسقا سېلىپ، بۇ كىشىنىڭ ئالدىغا قويۇپ قوياتتى. شۇ چاغلاردا مەمتىمىن ئاخۇن ئاكىنىڭ كارۇشاڭ ئاخۇنۇمدىن مۇقام ئۆگىنىۋاتقان ۋاقتى ئىدى. بىر قېتىم ئۇ مەمتىمىن ئاكىغا: 《ئىلىنىڭ خەلقى ناخشىنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدىكەن، بىراق مۇقام، نەغمە بىلەن كارى يوق ئىكەن》 دېگەن ئىدى ①.»

ئاتاقلىق خەلق ناخشىچىسى ئابدۇۋەلى جارۇللايۇپ مۇنداق بايان قىلىدۇ: مۇھەممەت موللا (كارۇشاڭ ئاخۇنۇم) دۇنيادىن ئۆتكەن چاغلاردا، مەن تېخى ئون نەچچە ياشلىق بالا ئىدىم. ئۇ كىشى بىلەن بىللە بولۇش ماڭا نېسىپ بولمىغان. ھاسانكامنىڭ ئېيتىشىچە: «بارات تەمبۇر مۇھەممەت موللا بىلەن يىگىرمە يىل بىللە يۈرۈپ، مۇقامنىڭ نەغمە، مەشرەپلىرىنى ئۆگەنگەن، چوڭ داستان، سەلىقە، جۇلا، داپ نەغمىلىرى قاتارلىقلارنى ئۆگىنەلمىگەن ②. ھاسان تەمبۇر يەنە: كارۇشاڭ ئاخۇنۇم ئۆيلەنمەي بويتاق ئۆتكەن، ئىلىغا يېڭى چىققاندا تۇرمۇشى قىيىن بولغان. بىر قېتىم ئۇ، تۇرمۇشتا قىينىلىپ، ساتارىنى بىر لىڭپىيو (شۇ چاغنىڭ پۇلى) غا داڭلىغان ئىكەن. كېيىن بىر مەشرەپتە كۆپچىلىك بۇ ساتارنى قايتۇرۇپ كەلگەن. بۇ ئادەمنىڭ داڭقى چىققاندىن كېيىن، جامائەت ئىچىدە يۈكسەك ئابرويغا ئېرىشىپ، تۇرمۇش جەھەتتىن خەلقنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن.

1917 ـ، 1918 ـ يىللىرى روزى تەمبۇر سۇيدۇڭدە تۇرغان بولۇپ، موللا ـ قۇتلۇق باي، ئابلەت باي دېگەنلەر توي قىلغاندا روزى تەمبۇرنىمۇ تەكلىپ قىلغان. روزى تەمبۇرنىڭ ئەل نەغمىدىكى ماھارىتى سورۇندىكى

---

① «ئىلى دەرياسى» ژورنىلىنىڭ 1982 ـ يىللىق 2 ـ سان 61 ـ بەت.

② بۇ جۈملىدە مۇقامنىڭ تەركىبى قىسمىدىكى ئاتالغۇلار قالايمىقان ئىشلىتىلگەن، ئومۇمەن «تولۇق ئۆگىنەلمىگەن» دېگەن نۇقتىدىن چۈشەنسەك بولىدۇ.

ھەمــمــىگــە يــاراپ ، شــەھەردىن بارغانلار ئۇنى غۇلجىغا بىللە ئېلىپ كەلگەن . روزى تــەمــبۇر غۇلجا شەھىرىگە كەلگەندىن كېيىن مۇھەممەت موللىنى ئۇستاز تــۇتــۇپ ، ئۇنــىڭدىن ساز ئۆگىنىشكە باشلايدۇ . ئەپسۇسكى بۇ تالانتلىق چال-غــۇچــىــنــىڭ مــۇھەمــمــەت موللا بىلەن تونۇشقان ۋاقتى مۇھەممەت موللىنىڭ يــاشــىــنــىــپ ، ئۆمــرىــنىڭ ئاخىرلىشىپ قالغان يىللىرىغا توغرا كېلىپ قالغان . شــۇنــداق بــولــســىمــۇ ، روزى تــەمــبــۇر شۇ قىسقىغىنە بىر نەچچە يىل ئىچىدە مــۇھەمــمەت موللىدىن خىلى كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىپ ، ئۆگەنگەنلىرىنى ئە-جادى ھالدا جانلاندۇردى ① .

يــۇقىرىقى بايانلاردىن تۆۋەندىكىچە بىر نەچچە نۇقتىنى چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇ .

① مــۇھەمــمــەت موللا 1880 - يىللىرى ئىلىغا ئۆتۈپ ، 1915 - يىلغا قەدەر مــۇقام ئېيتىش ، شاگىرت يېتىشتۈرۈش بىلەن شۇغۇللانغان بولسىمۇ ، مۇقامنى ئومــۇملاشــتــۇرالــمايدۇ ، تۇرمۇشىمۇ غورىبەتچىلىكتە ئۆتىدۇ ، « ئىلىنىڭ خەلقى نــاخــشــىنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدىكەن ، بىراق مۇقام ، نەغمە بىلەن كارى يوق ئىكەن » دەپ ئەپسۇسلىنىدۇ . بۇ ھال ئەينى يىللاردىكى ھۆكۈمران تەبىقىنىڭ ئون ئــىــكــكــى مۇقام ۋە مۇقام ئەھلىگە كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكىنى بىلدۈرۈپلا قال-مــاي ، ئىلى تەۋەسىگە كىرگەن ھەرقانداق ناخشا - سازنى ئۆز ئۇسلۇبى ، ئۆز شــىــۋىــســى بــويــىچە ئۆزلەشتۈرۈپ قوبۇل قىلىشنى ئۆزىگە ئادەت قىلغان ئىلى خەلقىنىڭ شۇنچە زور ھەجىمدىكى ئون ئىككى يۈرۈشلۈك بۇ مۇزىكا قامۇسىنى ئۆز مــۇزىــكا بايلىقىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە قايتا ئۆزلەشتۈرۈپ ئىشلەشكە قــۇربــى يــەتمىگەنلىكىنى ، شۇنداقلا شۇ يىللارغا قەدەر ئۇنداق بىر ئىقتىدارلىق شــەخسنىڭمۇ مەيدانغا كەلمىگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ . بۇنى مۇھەممەت موللىدەك كــامــىــل مــۇقــامچىنىڭ قەدرىگە يەتمىگەن شۇ مەزگىللەردىن كۈتۈش ئەلۋەتتە مۇمكىن ئەمەس .

② مــۇھەمــمــەت موللىنىڭ ئارزۇسى ( ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن ئون نەچچە يىل

---

① « ئىلى دەرياسى » ژۇرنىلىنىڭ 1982 - يىللىق 4 - سان 55 - ، 56 - بەتلەر .

كېيىن ) 1930 ـ يىللارغا كەلگەندىلا ، گەرچە تولۇق بولمىسىمۇ ، شاگىرتى روزى تەمبۇر ئارقىلىق قىسمەن ئەمەلگە ئاشتى . بۇنىڭ سەۋەبى ئاساسلىقى يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىدە مىللىي روھنىڭ ئويغىنىشى ھەم شۇ يىللاردا قۇرۇلغان سانايى نەپىسەنىڭ شۇ روھتىكى بىر تۈركۈم ئىلغار كۈچلىرىنىڭ ئۆز رولىنى جارى قىلىشىغا ئىمكانىيەت ياراتقانلىقىدىن دەپ قاراشقا بولىدۇ .

1934 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى قۇرۇلغان بۇ سانايى نەپىسە شۇ دەۋرنىڭ ئىلغار كۈچلىرى بولغان زىيا سەمەدى ، قاسىمجان قەمبىرى ، جالالىدىن يەھيارى ( رېژىسسور ۋە ئاكتىيور ) ، زۇنۇن قادىرى ، زىكرى ئەلپەتتا ، ھاسان تەمبۇر ، ئابدۇۋەلى جارۇللايوپ قاتارلىق بىر تۈركۈم قابىل كىشىلەرنىڭ ئىشتىراك قىلىشى بىلەن ئىلى سەنئىتىنىڭ سەھنە ئارقىلىق نامايان قىلىنىشىغا يول ئاچقان ئىدى . روزى تەمبۇر مانا مۇشۇ ئۆمەك مۇزىكا ئەترىتىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن ئىدى .

سانايى نەپىسە روزى تەمبۇرنىڭ خەلق داستانى « غېرىپ ـ سەنەم » نى ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئىلى ئۇسلۇبى بويىچە ئۆزلەشتۈرۈپ ئىشلىگەن ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ ، ئۇنى سەھنىلەشتۈرۈپ ، ئۇنىڭ ئون ئىككى مۇقامنىڭ داستان ئاھاڭلىرى بويىچە جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشۈش ئىمكانىيىتىنى ياراتتى . بۇ جەرياندا روزى تەمبۇر ئۆز ئىجادى كۈچىنى تېخىمۇ ئۇرغىتىپ ، « غېرىپ ـ سەنەم » نىڭ مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسىنى ۋەقە تەرەققىياتىغا تېخىمۇ ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن « كىرىش مۇزىكىسى » ، « جۇنەيدىل باغدادنىڭ سوئال ـ جاۋابى » ۋە « نە بولدى يارىم كەلمىدى » قاتارلىق ئاھاڭلارنى مۇقام ئۇسلۇبى ئاساسىدا ئىجاد قىلىپ قوشتى . كېيىن « پەرھات ـ شېرىن » دراممىسىدىمۇ « شېرىننىڭ ئۆلۈم ئالدىدا ئېيتقان ناخشىسى » نىمۇ مۇقام ئۇسلۇبى بويىچە ئىجاد قىلىپ قوشتى . بۇ ھال ئىلى خەلقىنىڭ ئون ئىككى مۇقامغا بولغان زوقلىنىش قىزغىنلىقىنى قاينام ـ تاشقىنلىققا كۆتۈرۈپلا قالماي ، روزى تەمبۇرنىڭ ئون ئىككى مۇقامنى داستان ، مەشرەپ شەكلى

بويىچە ئىلى ئۇسلۇبىدا تولۇقلاپ ئىشلەپ چىقىشىغا ئاساس ياراتتى. شۇنداقلا يۇقىرىقى ئاھاڭلىرى بىلەن ئۇنىڭ كەم - كۈتىلىرىنى تولۇقلاپ، مۇقامنىڭ داستان شەكلىنى ئىلى مۇقامىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىگە ئايلاندۇرۇشقا ئاساس سالدى. كېيىنرەك بۇ ئوپېرالارغا زىكرى ئەلپەتتانىڭمۇ بىر قىسىم ئاھاڭلىرى كىرگۈزۈلۈپ، تېخىمۇ مۇكەممەللەشتى.

زىكرى ئەلپەتتا ئىجاد قىلغان «رۇخسارى» مۇقامىنى داستان شەكلى ئاساسى گەۋدىگە ئايلانغان ئىلى ئۇسلۇبىدىكى مۇقام دېيىشكە بولىدۇ. بۇ مۇقام 1939 - يىلى مۇكەممەل شەكلى بويىچە جامائەتكە تونۇلۇپ، كۆپ ئۆتمەي تەڭرى تېغىنىڭ شىمال ۋە جەنۇبىدا ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. شۇ چاغدا «ئاقسۇ گېزىتى» دە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەۋاتقان ۋەتەنپەرۋەر شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ خەلق داستانى ئاساسىدا ئۆزگەرتىپ ئىشلىگەن «تاھىر - زوھرە» درامىسىدا تاھىرنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىنى ئوبرازلىق ئىپادىلەش يۈزىسىدىن «رۇخسارى» مۇقامىنىڭ داستان ئاھاڭلىرىدىن ئىككىنى تاللاپ ئىشلەتكەن (ھازىر رادىئودا ئېيتىلىۋاتقان «زوھرە جانىم»، «قىلا باشلىدى» دېگەن ناخشىلار)، نەتىجىدە، بۇ ئاھاڭلار تاھىرنىڭ ئوبرازىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرگەن. بۇنىڭدىن خۇشاللانغان لۇتپۇللا مۇتەللىپ زىكرى ئەلپەتتانىڭ مۇقام ئىزى بويىچە ئىجاد قىلغان بۇ ئەسىرىگە يۇقىرى باھا بېرىپ، ئۇنى مۇنداق مەدھىيىلىگەن:

چال سازەندەم
(مەشھۇر ناخشا ئىجادچىسى، ياش سازەندە زىكرى ئەپەندىگە بېغىشلايمەن)

مۇخەممەس

چال سازىڭنى زوق بىلەن تىنماي چال، سازەندەم،
ھەرىكىتىڭ تېتىك، قوللىرىڭ مەجنۇن تال، سازەندەم.
ناخشاڭ شېرىن - تاتلىق سېنىڭ گوياكى بال، سازەندەم،

ياشلىقنىڭ زىلۋا چېغىڭدا ئىجاد قىلىپ قال ، سازەندەم .
بۇ مۇخەممەس شۇنىڭ ئۈچۈن ساڭا ئىرسال ، سازەندەم .

ئىجاد قىل ، پارقىرات ئەسلىدە بار ئۆبدان غەزەلنى ،
كۈرەشچان سەنئەت مەيدانىدا باغلىبان بەلنى .
سازلىرىڭ روھى بىلەن راست سۇغارغىن ئەلنى ،
سەنئەتتىن مەۋجۇت قىل دولقۇنلۇق سەلنى ،
شادىمان ھاياتىنىڭ قوينىدا ئۆبدان ئەھۋال ، سازەندەم .

بۇ ۋەتەندە جاراڭلىسۇن نەغمەڭ ساداسى ،
ھاۋالارغا ئۆرلەپ كەتسۇن مۇڭلۇق ناۋاسى .
ئەستە تۇت ، خويمۇ كەڭ گۈزەللىك دۇنياسى ،
كونا مۇقاملار لەززەتلىك ئەڭ چوڭ باباسى .
ئۆسۈش ، ئىجاد ، يۈكسىلىشكە ئەپلىك ئامال ، سازەندەم .

بىھۇدە سەت كىرلارنى تازىلىغاي سەنئەت ،
ئىنكاسىدۇر ئۇنىڭ كۆپ ئۈچۈن لەززەت .
ھەر چېلىشىڭ ۋىجدانىدا تەۋرەتسۇن خىسلەت ،
سازەندەمنىڭ قولىغا « بەرمىسۇن ھېچ دەرد »
كۆڭۈل مەيلىنى سازنىڭ ئىشقى قىلسۇن ئىشغال ، سازەندەم .

مۇقام سەنەم ، سەن بول بىر ئاشىق غېرىپ ،
ئۈچرىشىشقا ئالدىرا ۋۇجۇدۇڭ بېرىپ ،
مۇھەببەتنىڭ مەنزىلىدە يۈر كۆكرەڭ كېرىپ ،
ھەر قەدەمدە ئۈنچە ، مارجان ، ياقۇتلار تېرىپ ،
شانۇ ـ شەۋكەت بۇ زېمىنغا ئەرەلى نىھال ، سازەندەم .

ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈندۇر دائىم بىزنىڭ ئىشىمىز،
ئازاد تۇرمۇش ئاشىنىسى بولدى ھەر بىر كىشىمىز.
زور مەقسەتلەر ھاۋاسىدا كېزەر ئالى پىكرىمىز.
ئەجداد قىلىشتۇر ھارماي يىپ - يېڭىنى زىكرىمىز.
بۇ لۇتپۇمنى قوبۇل ئەيلەسەڭ بىمالال، سازەندەم.

لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ شۇ مەزگىللەردىكى «مەشھۇر ناخشا ئەجدادچىسى، ياش سازەندە زىكرى ئەپەندىگە» بېغىشلاپ يازغان بۇ مۇخەممىسى گەرچە زىكرى ئەلپەتتانىڭ ئەجدادىي پائالىيەتلىرىدىن زوقلىنىش ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش نۇقتىسىدىن يېزىلغاندەك تۇيۇلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنى ۋەتەنپەرۋەر شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ئەينى يىللاردىكى ئويغىنىش دەۋرىنى باشتىن كۆچۈرۈۋاتقان ئىلى ۋەتەنپەرۋەرلىرىنىڭ سەنئەتنى نوقۇل ھالدا زوقلىنىش نۇقتىسىدىنلا ئەمەس، بەلكى ئۇ ئارقىلىق خەلقنىڭ مىللىي روھىنى ئويغىتىپ، ئۇلارنى ئېنىق نىشان، يۈكسەك ئاڭ، مۇستەھكەم ئىرادە تىكلەشكە يېتەكلەۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت شانلىق پائالىيەتلىرىگە ئوقۇلغان مەدھىيە دېيىشكە بولىدۇ. بۇنى ئۇنىڭ:

ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈندۇر دائىم بىزنىڭ ئىشىمىز،
ئازاد تۇرمۇش ئاشىنىسى بولدى ھەر بىر كىشىمىز.
زور مەقسەتلەر ھاۋاسىدا كېزەر ئالى پىكرىمىز،
ئەجداد قىلىشتۇر ھارماي يىپ - يېڭىنى زىكرىمىز،

دېگەن مىسرالىرىدىن ئېنىق كۆرۈۋېلىش بولىدۇ.

فېئودال خانىدانلىق، قورچاق گوڭ - بەگلىك ۋە جاھانگىرلىكنىڭ قاتمۇ قات ئىسكەنجىسىدە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد تالان - تاراج قىلىنىپ ۋە قانلىق باستۇرۇلۇپ كەلگەن ئىلى خەلقىنىڭ كېيىنكى مەزگىللەردە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرىدە ماركسىزم - لېنىنىزملىق تەربىيىگە ئىگە بولغان بىر

تۈركۈم ئىلغار زىيالىيلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە «ۋەتەن، مىللەت»، «ئازاد تۇرمۇش» تىن ئىبارەت «زور مەقسەتلەر» گە ئۆز پىكرىنى جەم قىلىشى ئەلۋەتتە شۇ دەۋرنىڭ ئاساسىي ئېقىمىغا خاس ئالاھىدىلىكتۇر. 1933 — 1934 ـ يىللىرى ئىلدا ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ «مۇئارىپ سېكسىيىسى»، «ئىلى ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى»، «ئىلى ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى» قاتارلىقلار قۇرۇلۇپ، مۇئارىپ ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىللە، ۋىلايەتلىك ئۇيۇشما تەركىبىدە «سانايى نەپىسە» بۆلۈمىنىمۇ تەسىس قىلىپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىمۇ ئۆزىگە خاس ئىمكانىيەتلەر بىلەن تەمىن ئەتتى. يولداش نەسىرىدىن ناسىرى «ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىنكى ئىلى مۇئارىپى ھەققىدە ئەسلىمە» ① ناملىق ئەسىرىدە بۇ ھەقتە مۇنداق بايان قىلىدۇ:

«1935 ـ يىلىنىڭ باشلىرى ئىلى مىللەتلەر كۇلۇبى (ئۇيغۇر، قازاق كۇلۇبى) نىڭ پۈتۈش مۇناسىۋىتى بىلەن توي ئۆتكۈزۈلگەنىدى. بۇ تويغا بېغىشلاپ ‹غېرىپ ـ سەنەم› ئوپېراسى سەھنىدە ئوينالدى. بۇ تويغا ئىدارە، جەمئىيەت مەسئۇللىرى، يۇرت مۆتىۋەرلىرى بولۇپ ئالتە يۈزدەك كىشى قاتناشقان. ئۇلار بۇ ئوپېرانىڭ غەلىبىلىك ئوينالغانلىقىنى كۆرۈپ، زور تەسىرات ئالدى. نۇرغۇن كىشىلەر ئۆز تەسىراتىنى ئىلى مەتبۇئاتلىرىدا ئېلان قىلدى. پۈتۈن ئىلى غەلىبە تەنتەنىسىگە تولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ئۇيۇشما ۋە سانايى نەپىسەنىڭ ئورنى خەلققە تېخىمۇ روشەن تونۇلدى... نۇرغۇن مۇزىكانتلار، ناخشىچىلار، ئەدىبلەر ۋە ھەۋەسكارلار ئۆزلۈكىدىن سانايى نەپىسە تەركىبىگە كىردى. شۇنىڭ بىلەن سانايى نەپىسە تەركىبىدە ئون ئىككى نەپەر يازغۇچى، ئوتتۇز بەش نەپەر مۇزىكانت (چالغۇچى)، يىگىرمە بەش نەپەر ئارتىس، ئون بەش نەپەر ئارتىسكا بولۇپ، جەمى سەكسەن يەتتە نەپەر كىشى ئىشلەيدىغان بولدى. لاۋازىمەتچى، دېكراتور

① «شىنجاڭ تارىخى ماتېرىياللىرى» 20 ـ سان، 136 ـ، 137 ـ بەتلەر.

قاتارلىقلار بۇنىڭ سىرتىدا » .

مانا بۇ ئىمكانىيەت ئىلى خەلقىنىڭ ئۆزىگە خاس مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىشىدا مۆجىزىلىك رول ئوينىدى :

1 . « سانايى نەپسە » قۇرۇلغان 1934 ـ يىلىلا « قانلىق داغ » ، « غېرىب ـ سەنەم » ، « پەرھات ـ شېرىن » ، « ئارشىن مال ئالان » قاتارلىق ئوپېرا ۋە مۇزىكىلىق دراملار سەھنىلەشتۈرۈلگەن بولسا ، « سانايى نەپسە » تەركىبى تولۇقلىنىپ كۆپ ئۆتمەيلا « لەيلى ـ مەجىنۇن » ، « پەرىخون » ، « گۈلنىسا » ، « تاھىر ـ زوھرە » ، « گۈلەمخان » ، قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىمۇ قوشۇپ ئوينىلىشقا باشلىدى .

2 . مۇقام شەكلىدە يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن ئون ئىككى يۇرۇش ئىلى خەلق ناخشىلىرى سەھنە ئارقىلىق جامائەتكە نامايان قىلىندى ( ئەينى يىللاردا سەھنە دېكراتسىيسى تەكلىپ قىلىنغان ياغاچچىلارنىڭ ئەمگىكى ئارقىلىق ئىشلىنىدىغان بولغاچقا ، ھەر بىر پەردە ئارىلىقىدىكى دېكراتسىيە ئالماشتۇرۇلۇپ بولغىچىلىك ئوتتۇز ـ قىرىق مىنۇتلۇق جەرياننى سەھنە ئالدىغا چىقىپ يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى ئېيتقۇچىلار تولدۇراتتى . بۇ ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ يۇرۇشلۇك شەكلىنى نامايان قىلىشنىڭمۇ ياخشى پۇرسىتى ھېسابلىناتتى ) .

3 . چوڭ ھەجىملىك دراملارنىڭ كۆپلەپ ئوينىلىشىغا ئەگىشىپ ، دراما ۋەقەلىكى زۆرۈرىيىتى بىلەن روزى تەمبۇر تەرىپىدىن ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە قايتا پىششىقلاپ ئىشلەنگەن « ئون ئىككى مۇقام » داستان ئاھاڭلىرىمۇ ، زىكرى ئەلپەتتانىڭ ئىجادىي ئاھاڭلىرىمۇ ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىپ ، ئىلىدا ئون ئىككى مۇقامنىڭ داستان شەكلىدىكى يېڭى ۋارىيانتى يارىتىلدى . مانا بۇ ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە ئۆزگەرتىپ ئىشلىنىپ ، ئىلى خەلقى ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقانلىقىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى .

شېڭ شىسەي ئۈيغانغان خەلقنى قايتا ئاسارەت ئىسكەنجىسىگە ئېلىش

ئۇچۇن، بىر تۈركۈم ئىلغار كۈچلەرنى تۈرمە ۋە نەزەربەنت ئاستىغا ئېلىش بىلەن روزى تەمبۇر، زىكرى ئەلپەتتادەك سەنئەت ئۇستازلىرىنىڭ ئۆز تالانتىنى قاناتلاندۇرۇپ، تارىخى ئەھمىيەتكە ئىگە تۆھپە يارىتىشىغا قۇچاق ئاچقان «سانايى نەپىسە» نى «خائىنلارنىڭ ئۇۋىسى» دېگەن تۆھمەت بىلەن تەقىپلەپ، مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ، كۇلۇبىنى زورلۇق بىلەن تارتىپ ئالغان بولسىمۇ، لېكىن خەلقنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقى بىلەن ئۆز مەقسىتىگە تەلتۆكۈس يېتەلمىدى. يولسىزلىق بىلەن تارتىپ ئېلىنغان بۇ كۇلۇپنى ① خەلق ئۇن مىڭ تۇياق قوي، ئۇن مىڭ خو ئاشلىق تۆلەش ھېسابىغا قايتۇرۇپ ئېلىپ، «سانايى نەپىسە» نىڭ پائالىيىتىنى 1944 ـ يىلى باشلانغان مەشھۇر «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» غا ئۇلاشقا ئىمكانىيەت ياراتتى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى ئىلىنىڭ مەدەنىي مۇئارىپ ئىشلىرىنىڭ تېخىمۇ زور سۈرئەت بىلەن راۋاجلىنىشىغا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە كەڭ يول ئاچتى. روزى تەمبۇر، زىكرى ئەلپاتتالارنىڭ كۆپلەپ ئىز باسار يېتىشتۈرۈشى ئۈچۈن «ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى» تەركىبىدە مۇقام ئۆگىنىش كۇرسى تەسىس قىلىنىپ، بىر تۈركۈم ياش تالانت ئىگىلىرىنىڭ كەينى ـ كەينىدىن قاتارغا قوشۇلۇشىغا زور ئىمكانىيەت يارىتىلدى. ئابلاخون ئاكا، زوردۇن ئاكا، مەتتا يىر ئاكا، غوپۇردىڭخۇلۇ، ھۆسەنجان جامى، ئابلىكىم ئابدۇللا، قۇربان ئۆمەر، غىياسىدىن بارات قاتارلىق ئۇستازلار ئەنە شۇ «مۇقام ئۆگىنىش كۇرسى» نىڭ دەسلەپكى ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ، ئۇن ئىككى مۇقام ئاساسىدا قايتا ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن داستان شەكلىدىكى «ئىلى ئۇن ئىككى مۇقامى» ۋە «رۇخسارى» مۇقامىنىڭ ئومۇملاشتۇرغۇچىلىرىدۇر.

---

① بۇ كۇلۇپ ئەينى ۋاقىتتا «مىللەتلەر كۇلۇبى»، كېيىن «ئۇ.قا.ق» (ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز) كۇلۇبى دەپ ئاتالغان.

بەشنجى باب

# ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسى

« ئون ئىككى مۇقام » نى ئاساس قىلغان رەڭگارەڭ قىممەتلىك يەر- لىك مۇقاملار بىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىزنى مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرگەن ئېسىل مەدەنىيەت مىراسلىرىمىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

بۇ مەدەنىيەت مىراسىغا قانداق ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسى ئەنئەنىۋى- لىكىمىزگە قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسى بولۇپ قالماي ، شۇ ئەنئەنىۋىلىكىمىزنى ھازىرقى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا قانداق جۇلالاندۇرۇش مە- سىلىسىگە بېرىپ تاقىلىدۇ .

50 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا باشلانغان « ئون ئىككى مۇقام » نى قېزىش ، رەتلەش ، تولۇقلاش ، ئۆستۈرۈش خىزمىتى 40 يىللىق جەرياننى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن ، ئاندىن ئۇنى جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان بولساقمۇ ، لېكىن ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش خىزمىتىنى ئەمدىلا باشلىدۇق دېيىشكە بولىدۇ .

ھەممىگە ئايان ، ھەرقانداق شەيئى ئۆز تارىخى مۇھىتىدىن مۇستەسنا ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ . بىز ئۇنى پەرۋىش قىلىپ مېۋىگە كىرگۈزۈشكە ئىنتىلىدىكەنمىز ، ئۇنىڭ قانداق شارائىتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغانلىقىدىن ئىبارەت قانۇنىيەتنى ئىگىلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ . شۇڭا نۆۋەتتە ، شۇ مەسىلىنى چۆرىدىگەن ھالدا ھازىر مەۋجۇت بولۇپ تۇ- رىۋاتقان بىر قىسىم خاھىشلار توغرىسىدىكى ئۆز قاراشلىرىمىنى قويۇپ ئۆتمەكچىمەن .

## ئون ئىككى مۇقامنىڭ ناملىرى توغرىسىدا

ئون ئىككى مۇقامنىڭ ناملىرى بىر قىسىم كىشىلىرىمىزنى خېلىلا ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. ئۇلار بۇ ناملار تەركىبىدىكى ئەرەبچە، پارسچە ئاتالغۇلارغا غەيرى مالغا قارىغاندەك گۇمان بىلەن قارايدۇ. مۇزىكىچىلىقىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس تەدرىجىي تەرەققىيات تارىخىدىن ئانچە - مۇنچە خەۋىرى بارلىرى بۇ ناملارنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ۋارىسلىق قىلىشنىڭ « ئىشەنچلىك » يولىغا ماڭماقچى بولىدۇ. ئەكسىچە بولغانلىرى بۇ زور مۇزىكا بايلىقىنىڭ شەكىللىنىش تارىخىنى ئەرەب، پارسلارنىڭ مۇزىكا ئاساسى بىلەن باغلىماقچىمۇ بولىدۇ.

مېنىڭچە، ئۇلاردىكى بۇ خىل كەيپىيات ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆز تەرەققىياتى جەريانىدا، بولۇپمۇ قەدىمى ئۇيغۇر تىلى ( تۈركۈت، ئۇرخۇن - يەنسەي ) ئەنئەنىسى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن « خاقانىيە تىلى » ( قەشقەر تىلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ ) نىڭ بارلىققا كەلگەن مەزگىلىدىكى ئىجتىمائىي مۇھىتىنى ئانچە چۈشىنىپ كەتمىگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. بۇ دەۋر « قاراخانىلار » دۆلىتىنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان مەزگىللىرى بولۇپ، گەرچە سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئىسلامىيەتكە خاس ئېتىقادى بىلەن تىلىمىزنىڭ لۇغەت تەركىبىگە كۆپلىگەن ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئېلىپ كىرىشكە مەجبۇر بولدى. بۇنىڭغا ئەينى ۋاقىتتىكى ئەرەبلەرنىڭ بېسىمىمۇ ناھايىتى قاتتىق بولدى. بۇ ھەقتە تەتقىقاتچى ئابلىمىت روزى « ئالىم مەھمۇت قەشقەرى ۋە ئۇنىڭ تۈركىي تىللار دىۋانى » ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق بايان قىلىدۇ:

« ئەرەبلەر ئوتتۇرا ئاسىياغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ ئىككى يۈز يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەن بىر پەيتتە، يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر پەيدا بولغان ئىدى. يەنى، ئەرەب يېزىقى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، قەدىمكى مىللىي يېزىقلارنى سىقىپ چىقىرىش، ئادەم،

يەر ، جاي ئىسىملىرى ، تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە ئەرەب ئاتالغۇلىرىنى كەڭ كۆلەمدە قوللىنىش ، ھەتتا يەرلىك ئاپتورلارمۇ بەدىئىي ، تارىخىي ئەسەرلەرنى ئەرەب - پارس تىللىرىدا يېزىش ، يەرلىك ۋە تۈركىي تىللارنى كەمسىتىپ ، ئەرەب تىل - يېزىقىنى 〈 مۇقەددەس 〉 بىلىشتەك چوقۇنۇشلار ئەۋج ئالغانىدى ① » .

بۇ ھەقتە تىلشۇناس ئىبراھىم مۇتىئى « تۈركىي تىللار دىۋانى » نىڭ نەشىر قىلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن « خاقانىيە تىلى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلى تارىخىدا تۇتقان ئورنى » ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق بايان قىلىدۇ :

« تىلدا ئەڭ ئۆزگىرىشچان ئامىل ئۇنىڭ لۇغەت سوستاۋى . توققۇز يۈز يىلدىن بېرى ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت سوستاۋىدا نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر بولدى . بىر تەرەپتىن ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى شەكىللەندۈرۈشكە قاتناشقان تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ بىر قەدەر مۇرەككەپلىكى ۋە ھەرخىل ئىجتىمائىي سەۋەبلەر بىلەن ئەرەبچە ، پارسچە سۆزلەرنىڭ كۆپلەپ كىرىشى نەتىجىسىدە ، بىر مۇنچە تۈركىي سۆزلەر ئىستېمالدىن قالدى ( « ئەتمەك » سۆزىنىڭ ئورنىنى « نان » سۆزى ، « ئەت » سۆزىنىڭ ئورنىنى كۆپ ئورۇندا « گۆش » سۆزى ، « ئەردەم » سۆزىنىڭ ئورنىنى « پەزىلەت » سۆزى ئىگىلىدى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ② » .

يۇقىرىقى بايانلار 11 ـ ئەسىردە ، يەنى « قاراخانىلار » دەۋرىدە شەكىللەنگەن « خاقانىيە تىلى » نامىدا ئاتالغان ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىبىدە بولغان ئۆزگىرىشلەرنىڭ تارىخى ئارقا كۆرۈنۈشى . ئەمدى ئون ئىككى مۇقام سىستېمىلاشتۇرۇلغان 15 ـ ئەسىردىكى « چاغاتاي تىلى » نامىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى قوللىنىلغان دەۋرگە نەزەر تاشلاپ ئۆتەيلى :

ئىبراھىم نىياز « تارىختىن قىسقىچە بايانلار » ناملىق كىتابىدا مۇنداق يازىدۇ :

---

① « مەھمۇت قەشقەرى » ناملىق كىتاب 125 ـ ، 126 ـ بەتلەر .

② « مەھمۇت قەشقەرى » ناملىق كىتاب 224 ـ ، 225 ـ بەتلەر .

« يـەكەن سەئىدىيە خانلىقى ئىچكى ۋە خەلقئارا ئىشلاردا پارس تىلىنى قـوللانـدى . ھەتتا مەدرىسلەردە ئوقۇلىدىغان دەرىسلەرنىڭ يەتمىش پىرسەنتى پارس تىلى بىلەن ئۆتۈلدى » ①.

« ئابـدۇرىـشـتخان زامانىسىدا ئەل ـ يۇرت ئەمىنلىك تېپىپ ، ئەدەب ـ ئەخلاق كـىـشـىـلەرنىڭ ھەرىكەت مىزانى بولۇپ قالدى . ئۇ پارس تىلى بىلەن سۆزلـىـشـىش ، پارس يېزىقى بىلەن ئەسەر يېزىشنى تەدرىجىي كېمەيتىپ ، ئۇيـغـۇر تـىـلىدا سۆزلەشنى ، ئۇيغۇر يېزىقىدا ئەسەر يېزىشنى تەشەببۇس قىلـ دى ... بـارلـىـق ئـىدارە ، دىـۋانخانا ( كاتىبات ) ۋە باشقا مۇئەسسەلەرگە قەدەر كـونـا تـۈزۈمـدىـكـى خـۇراپىي ئادەتلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ، ئۇيغۇر تىلـدا سۆزلـەشـكـە يـول ئېـچـىپ ، پـارسـچـە كـىـتابلارنى تەرجىمە قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس بىر ئىدارە تەشكىل قىلىپ ، خەلقنىڭ بىۋاستە پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئۇڭايلىق يارىتىپ بەردى » .

يـۇقـىرىقى ئىككى باياندىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى ، « سەئىدىيە » خـانـدانـلـىقىنىڭ قۇرغۇچىسى سەئىدخان ئىچكى ۋە خەلقئارادا ئۇيغۇر تىلىنى ئەمـەس ، پارس تىلىنى قوللانغان . ئۇيغۇر تىلىغا بولسا ، ئۇ ۋاپات بولۇپ ، ئۇـ نـىـڭ ئورنـىـغـا تـەخـتـكـە ئولـتۇرغان ئوغلى ئابدۇرىشتخاننىڭ تىرىشچانلىقى ئارقـىـلـىـقلا تەدرىجىي يول ئېچىلغان . دېمەك ، سەئىدخان دەۋرىدە ھالاك بوـ لـۇش گىردابىغا بېرىپ قالغان ئۇيغۇر تىلىنى ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇرىشتخان « چـاغـاتـاي تىلى » نامىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى قوللىنىش ئارقىلىق قۇتۇلـ دۇرۇپ قـالـغـان . ئەسـدى ، شۇ چاغدىكى « چاغاتاي تىلى » نامىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبـىـي تـىـلـىنىڭ تەركىبى زادى قانداق ئىدى ، دېگەن مەسىلىگە كەلسەك ، بـۇنـىـڭـغـا شـۇ چـاغلاردىكى مەشھۇر زاتلارنىڭ يازغان شېئىرلىرىدىن جاۋاب تېپىشقا بولىدۇ .

ئۇيـغـۇر تىلىدا سۆزلىشىش ، ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ئەسەر يېزىشنى تەـ

① ②« تارىختىن قىسقىچە بايانلار » ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ، 1988 ـ يىل ، نەشرى ، 206 ـ 214 ـ بەتلەر .

شەبىۇس قىلغۇچى ۋە ئۇنىڭغا يول ئاچقۇچى سۇلتان ئابدۇرىشتخان مۇنداق يازىدۇ .

دۇنيا ھۆسنى ئەھلىدەك نامېھرىبانى يىش ئەمەس ،
كىمكى سۆيسە سودىدىن كۆپرەك زىيانى يىش ئەمەس .
دۇنيانى باقى تەسەررۇپ تۇتمىغىل شەدداتىدەك ،
نەچچە بىر ئىت كەم دېگەندەك ئۇستىخۋانى يىش ئەمەس .
دۇنياغا پەرزەندى ئادەمنى ئىۋەرتمەكتىن غەرەز ،
قۇللۇقۇم قىلغايمۇ دەپ بىر ئىمتىھانى يىش ئەمەس .
سەلتەنەت تەختىدە مەندۇرمەن دېگەن ئول شاھلار ،
جان بېرۇردە بىر گاداي ناتىۋانى يىش ئەمەس .
ئى رەشىدى بولمىغىل مەغرۇر جاھان گۈلزارىغا ،
قايسى گۈلشەننىڭ گۈلى ئاخىر خازانى يىش ئەمەس .

ئەمدى چاغاتاي ئەدەبىي تىلى بويىچە ئۆز ئىجادىيىتىگە يول ئېچىپ ، بۇ تىلنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇپ ، شېئىرىيەتنىڭ يۈكسەك چوققىسىنى ئىگىلىگەن نەۋائىينىڭ شېئىرىنى كۆرۈپ باقايلى :

زەھى جەۋلانگاھىڭ ئەپلاك ئۆزە مەيدانى ئەۋئەدنا ،
بوراقىڭغا توققۇز گۇمبەز بۇ توققۇز گۇمبەزى خەزرا ،
پەلەك قالىپ بۇراقىڭدىن ئەمەس ۋەسپى پەلەك سۇرئەت ،
قەمەر يورۇپ جامالىڭدىن ئەمەس نەتىڭ قەمەرسىما .
قىلىپ چۇن خۇي گۇلابى مەي نەئلىيىڭ بولۇپ ئاندىن ،
مەلەك رەنالىرىڭ جەبھەسىگە چەرىخ سەندەلاسا .
پەلەك ۋادىلىرى قەتئىغە ئەزمىڭ چۇن سۇرۇپ مەركەپ ،
خىرەد پەيكىگە ھەم ئەۋۋەل قەدەمدە رەنج ئولۇپ پەيدا .
نەۋائى خۇش كۆرەر ئالەمدە ئاتىڭ يادىدىن يوقسە ،
ئاڭا دەۋزەخ ئارا ئوتتەك ئىرۇر دۇنياۋى مايىيھا .

ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئىككى پىشۋانىڭ يۇقىرىقى شېئىرلىرىدا ئەرەبچە، پارسچە ئاتالغۇلار خېلىلا كۆپ سالماقنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئۇيغۇرچە شېئىر ئەمەس، دەپ ئاتاشقا ئۆزگىچە سەۋەب تاپالمايمىز، چۈنكى ئۇ ئەينى يىللاردىكى «چاغاتاي تىلى» لۇغەت تەركىبىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان سۆزلەر دائىرىسىدىكى ئاتالغۇلاردىنلا ئىبارەت. بۇ خىل ئاتالغۇلار ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىبىدىمۇ مەۋجۇت. بۇنى يۇقىرىقى ئىككى شېئىردىن كۆرۈپ ئېلىشقا بولىدۇ.

مەسىلەن: دۇنيا، ئەھلى، نامېھرىبان، باقى، پەرزەند، تەخت، سەلتەنەت، شاھ، گاداي (گاداھ)، ئۇستىخۋان (ئۇستىخان)، ئىمتىھان، جەۋلان، پەلەك، سۈرئەت، چەرىخ، رەنا ... ۋەھاكازالار.

دېمەكچىمىزكى، ئون ئىككى مۇقام ناملىرى ۋە ئۇنىڭ تەركىبىدىكى نەغمە ئاتالغۇلىرىنىمۇ ئەينى يىللاردىكى چاغاتاي ئەدەبىي تىلىنىڭ لۇغەت تەركىبىگە مەنسۇپ قىلىشقا بولىدۇ. بۇ ئاتالغۇلارنىڭ قانچىلىغان ئەسىرلەرنى ئاتلاپ ئۆتۈپمۇ ھازىرغىچە ئۆزگەرمىگەنلىكى، شۇنداقلا «چاغاتاي ئەدەبىي تىلى» ئاساسىدا شەكىللەنگەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىبىگىمۇ ئەينەن قوبۇل قىلىنىشىدىكى سەۋەبمۇ ئەنە شۇ.

ئەمدى كىشىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ خاھىشىغا باغلىق بولمىغان ئوبيېكتىپ پاكىتلارنى بۈگۈن نېمىشقا ئۆزگەرتەلمىدۇق، دېگەن سوئالنى قويۇشقا توغرا كەلسە، بۇنى ئۆزگەرتىشكە ھېچقانداق زۆرۈرىيەت تۇغۇلمىغانلىقى بىلەن چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ. بۇ خۇددى ئۆز ئىسمىلىرىمىزنىڭ ئەرەبچە ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇغلۇقمۇ، يەنە ئۇنى ئۆزگەرتمىگىنىمىزگە ئوخشاش.

ئەمدى ئەرەب، پارس تىلىنىڭ سىڭىپ كىرىشىدىن خالى ئەسىردە شەكىللەنگەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىبىدىكى يېڭى ئاتالغۇلاردىن قىسمەن مۇزىكا ئاتالغۇلىرىغا نەزەر سېلىپ كۆرەيلى.

مەسىلەن: مۇزىكا، مۇزىكانت، كومپوزىتور، كونسېرت، دىرىژور،

رېتىم ـ رېژىسسور ، مېلودىيە ، سوناتا ، ئاكورت ، سىمپونىيە ، گارمونىيە ، رېتىم ـ ئۇدار ، تاكىت ... ۋەھاكازالار .

گەپ ئەمدى ئۇنى قانداق چۈشىنىش كېرەك ؟ بۇنىڭ جاۋابى ناھايىتى ئاددى :

كىشىلىك تارىخى ـــ مىللەت تارىخى ، مىللەت تارىخى ـــ دۆلەت تارىخى ، دۆلەت تارىخى ـــ دۇنيا تارىخىدىن مۇستەسنا بولالمايدۇ . مانا بۇ ، ئىنسانىيەت تارىخىنى شەكىللەندۈرگۈچى ئامىل . شۇنداق ئىكەن ، تارىخنىڭ مەھسۇلى بولغان ھەر بىر ئاتالغۇنى سۇبيېكتىپ ئارزۇنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى بىلەن ئۆزگەرتىشكە ئىنتىلىش تىل تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپچانلىقى ۋە قانۇنىيىتىگە ئانچە ئۇيغۇن بولمىسا كېرەك .

ئەمدى ، ئۇيغۇر مۇقامچىلىقىنىڭ شەكىللىنىشىنى ئەرەب مەدەنىيىتى بايلىقى ئاساسىغا باغلاشقا ھەۋەس قىلغۇچىلارنى جوجىكباۋ ئەپەندىنىڭ مۇنۇ سۆزىنى ئويلىنىپ كۆرۈشكە تەۋسىيە قىلىمىز .

« يىللاردىن بېرى داۋام قىلىپ كەلگەن ئۇرۇشلار ، 10 ـ ئەسىردىن باشلاپ ئەرەب مۇزىكىسىنى نابۇت بولۇشقا يۈزلەندۈردى . شىنجاڭ رايونى شۇ دەۋرلەردە تۇراقلىق ھالەتتە ئىدى . سىياسىي ـ مەدەنىيەت جەھەتتىكى مۇنداق تۇراقلىق ھالەت كۇسەن مۇزىكىسىنىڭ غەربكە تارىلىشى ئۈچۈن ئوبدان شارائىت يارىتىپ بەردى . كۇسەن مۇزىكىسى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان مۇزىكا بولغاچقا ، ئەرەبلەرگە نۇرغۇن مەنپەئەت يەتكۈزدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يالغۇز ۋاكال ( ناخشا ) شەكلىگە كۆڭۈل بۆلۈپ ، ئىنسترۇمىنتاللىق شەكلىگە سەل قارايدىغان ھالەتنى بۇزۇپ تاشلاپ ، ئەرەب مۇزىكىسىنى غايەت چوڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى . » ①

دېمەك ، ئەرەب مۇزىكىچىلىقى پەقەت 10 ـ ئەسىرگە كەلگەندىلا ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقىنىڭ تەسىرى ئارقىلىق ۋاكال شەكلىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ ئىنسترۇمىنتاللىق شەكلىگە يۈزلەنگەن .

① « شىنجاڭ سەنئىتى » ژۇرنىلى 1982 ـ يىللىق قوشۇمچە 1 ـ سان 157 ـ بەت .

بىرىدە بولسا ، مۇقام شەكلىنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە ئاساس سالغان بۇ خىل شەكىل مىلادىدىن ئىلگىرىلا بارلىققا كەلگەن ئىدى ، ئەلۋەتتە .

## ئون ئىككى مۇقام تېكىستلىرىنىڭ مەزمۇنى

مۇقام تېكىستلىرىنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگىنى ۋە بىزگە ئەڭ تونۇش بولغىنى تۇرداخۇن ئاكا لېنتىغا بەرگەن مۇقام تېكىستلىرى ئاساسىدا 1964 ـ يىلى جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان « ئون ئىككى مۇقام تېكىستلىرى » نۇسخىسى ، ئۇنىڭدىن باشقا بىرىدە ھېچقانداق « ئون ئىككى مۇقام تېكىستلىرى » يوق .

بۇ « ئون مۇقام تېكىستلىرى » نىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى نەۋائى غەزەللىرىدىن ئىبارەت بولۇپ ، باشقىلىرىمۇ كېيىنكى دەۋرلەردە ئۆتكەن مەشرەپ ، ھۆۋەيدا ، زەلىلى قاتارلىق شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىن تەركىب تاپقان . بۇ شېئىرلار شەكىل جەھەتتىن ئارۇز ۋەزنى شەكلىدە بولۇپ ، مەزمۇن جەھەتتىن شۇ دەۋرنىڭ ئىلغار ئىدىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ . بۇنى تولۇق چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزغا باغلىق بولغان تەسەۋۋۇپچىلىق ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ .

تەسەۋۋۇپچىلىق ئەسلىدە دىنى ۋە فېئودال ئەكسىيەتچىلىككە قارشى كۈرەش جەريانىدا بارلىققا كېلىپ ، شۇ ئەكسىيەتچىلىك ھۆكۈمرانلىق قىلغان جايلاردىكى بوغۇق ئىجتىمائىي رېئاللىققا نارازىلىق سۈپىتىدە راۋاجلانغان بولسىمۇ ، لېكىن ، ئۇلارنىڭ دەسلەپكى ۋەكىللىرى ئۆزلىرى قارشى چىققان مۇدھىش رېئاللىققا تىغمۇ ـ تىغ قارشى تۇرۇش ۋە ئاممىنى كۈرەشكە ئۈيۈشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللانماي ، تەبىئەت ۋە كىشىلىك تۇرمۇشدىكى بارلىق ھۇزۇر ـ ھالاۋەت ، گۈزەللىكلەردىن بىراقلا قول ئۈزۈپ ، ھەقىقىي بەختنى ئىلاھىيەتچىلىك نۇقتىسىدىن ئىزدەپ ، كىشىلەرنى تەركى دۇنيالىققا ، رىيازەت چېكىشكە ئۈندىدى . بۇ ھال ئەينى يىللاردا ئوبيېكتىپ جەھەتتە ئەكسىيەتچىل رول ئوينىدى . بۇ خىل ئېقىمنىڭ دەسلەپكى ۋەكىللىرى مەنسۇر

ھەللاجى (858 ـــ 920 ) ، پەرىدىن ئەتتار ( 1148 ـــ 1229 ) ، جالالىدىن رومى (1207 ـــ 1273 ) قاتارلىقلار . XVI ـ ئەسىرگە كەلگەندە باھاۋىدىن نەقشبەندى ( 1314 ـــ ؟ ) ۋەكىللىكىدىكى مۇتەسەۋۋۇپلار تەركى دۇنياچىلىقتا قارشى ئېقىم سۈپىتىدە كۆتۈرۈلۈپ ، ئالدىنقى ئېقىمغا خاتىمە بەردى . نەقشبەندى رېئال ھاياتىنىڭ تەبىئەت بىلەن باغلىقلىقىنى ، كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىپ ، تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش ، ئۆز ئەمگىكى بەدىلىگە تەبىئەت ۋە تۇرمۇش نېمەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشنى تەشەببۇس قىلدى . بۇ خىل ئىدىيە ئەدەبىياتىمىزدا يېڭىچە بىخلىنىش ، ئۆسۈشنى ئىلگىرى سۈردى .

ئۆزبېكىستان ئالىمى ۋ . زاھىدوۋ « تەسەۋۋۇپ ھەققىدە » ناملىق ئەسىرىدە نەقشبەندى ئېقىمىنىڭ شۇ مەزگىلدىكى ئەدەبىياتقا بولغان تەسىرى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ :

«بولۇپمۇ X – XVI ئەسىرلەردە تەسەۋۋۇپى ئەدەبىيات ، شېئىرىيەت يۈكسەك باسقۇچقا كۆتۈرۈلگەن دۇنياۋىلىق روھىدىكى مەدەنىيەتنىڭ ، ئەدەبىياتنىڭ راۋاجلىنىشىدا ، رېئال تۇرمۇش ، تەبىئەت ۋە بۇ دۇنيا گۈزەللىكلىرىنى ، لەززەتلىرىنى ( كۈيلەيدىغان ) كۆپلىگەن شائىرلارنىڭ مەيدانغا چىقىشىغا ، مىستىك تەرىقەتچىلىكنىڭ كاسات بولۇشىدا ئاشۇ ئىزچىل نەقشبەندىچىلىك ئۆزىنىڭ ئىجابىي رولىنى شەكسىز ئوينىغاندى » .

ۋ . زاھىدوۋ يەنە شۇ ئەسىرىدە : « شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ، ئۇنىڭغا خۇسۇسەن ئەلىشىر نەۋائى چوڭ باھا بەرگەن ، ئۇنىڭغا مەدھىيىلەر ئوقۇغان ۋە زور زوقمەنلىك بىلەن قارىغانىدى . شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ تاساددىپىي ئەمەسكى ، جامى ئارقىلىق نەۋائى نەقشبەندىلىك سۇلىكىگە كىرگەن ئىدى » دەپ يازىدۇ .

بۇنىڭدىن مۇھەببەت لىرىكىلىرىنى ئاساسىي تېما قىلغان ھالدا ئۆزىنىڭ خەلقچىل روھىنى نامايىش قىلىش ئارقىلىق شېئىرىيەتنىڭ يۈكسەك چوققىسىنى ئىگىلىگەن نەۋائى ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسىنى كۆرۈپ ئالالايمىز .

شۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، نەۋايى غەزەللىرىنى ئاساس قىلغان ئون ئىككى مۇقام تېكىستلىرىدىكى تەبىئەت گۈزەللىكى، ۋەتەن، مەي، مۇھەببەت، ئىنسان گۈزەللىكى توغرىسىدىكى شېئىرلار تەسەۋۋۇپچىلىقنىڭ ئالدىنقى ئېقىمىدىكى تەركى دۇنيالىققا تۈپتىن قارمۇقارشى ئىدىيىدىكى شېئىرلار بولۇپ، كىشىلەرنى رېئال دۇنيانىڭ ھەقىقىي گۈزەللىكلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشقا ئۈندەيدۇ. ئىككى يۈزلىمە، ئالدامچى شەيخ زاھىت ـ سوپىلارنىڭ نىقابىنى يىرتىپ تاشلايدۇ، زالىم پادىشاھلارنى سۆكۈپ، خەلقنى ئادالەت ۋە مەرىپەتكە دەۋەت قىلىدۇ، سەنئەتكە بارىكاللا ئوقۇيدۇ، ۋاپادارلىقنى ئۇلۇغلاپ، ۋاپاسىزلىققا تىغ ئۇرىدۇ.

بۇ ئىسيان تۈسىنى ئالغان ھەرخىل مەزمۇندىكى شېئىرلار ئون ئىككى مۇقام تەركىبىدىن تۆۋەندىكىچە ئورۇن ئالغان:

مەي ھەققىدىكى شېئىرلار:

پانا مەيخانىسىنىڭ مەي پۇرۇشىغا پىدا جانىم،
كى مەي ئىھسان قىلۇر ھالەتتە باقماي يوقۇ ـ بارىمغا.
نەۋائى
(«چەببيات» مۇقامى «مۇستەھزاد»، 35 ـ بەت)
ھەر تۈندە سەھەر ۋاقتى قوپماسمۇ بولۇر ئاشىق.
يارىغا نىيازىنى ئەيتماسمۇ بولۇر ئاشىق.
دىۋانە ھۆۋەيدا سەن، مولكى دو جاھانىڭنى،
بىر كاسەدىكى مەيگە ساتماسمۇ بولۇر ئاشىق.
ھۆۋەيدا
(«ئۇششاق» مۇقامىنىڭ سەنىمى، 210 ـ بەت)
كېچە خانىقا ئىچرە سەرمەست ئىدىم،
بۇگۈن مەيسىز ئۆتتى قارارىم مېنىڭ.
نەۋائى

(« مۇشاۋىرەك » مۇقامىنىڭ تەزىسى ، 63 ـ بەت )

ساقى قەدەھنى قىلغىل مەھەيىيا ،
ۋەھدەت مەيىدىن ئىچكىلى كەلدىم .

مەشرەپ

(« مۇشاۋىرەك » مۇقامىنىڭ تەزىسى ، 63 ـ بەت )

نى مەن قالغۇم ، نى سەن باقى زامانى كەلگىل ئەي ساقى
قەدەھ دەۋرىنى خۇش تۇتكىم ، ۋاپاسىزدۇر بەسى دەۋران .
خۇشا دەير ئىچرە مەيخانە ، تولا ئىلكىدە پەيمانە ،
ماگانى ئەھلىنىڭ ئاغزىدا « كوللۇن مەن ئەلەيھاپان » ① .

نەۋائى

(« مۇشاۋىرەك » مۇقامىنىڭ سەلىقىسى ، 72 ـ بەت )

كەل ئى مەشرەپ قەدەھ سۇنغىل بولايىن مەستۇ مۇستەغرەق ،
بىر ئىلكىمگە ساتارۇ ـ بىر ئىلكىمگە جامۇ مەي ئالسام .

مەشرەپ

(«ئىراق » نىڭ تەزىسى ، 284 ـ بەت )

مۇھەببەت ھەققىدىكى شېئىرلار :

قېشىڭ مېھرابى ئى دىلبەر مېنىڭ كىم قىبلە گاھىمدۇر .

مەشرەپ

( « ئۆزھال » نىڭ نۇسخىسى ، 157 ـ بەت )

مەجنۇن بېشىنى سەجدىدىن ئالماس ئىدى ئەسلا ،
گەر لەيلى ئاتىنىڭ جولىدىن تاپسا مۇسەللا ② .

---

① كوللۇن مەن ئەلەيھاپان ــ « دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەر تۈگەيدۇ » .
② مۇسەللا ــ جەينىماز .

نەۋائى

(« چەببيات » تەزىسىنىڭ چۇشۇرگىسى ، 33 ـ بەت )

دوزاقنى ئەگەر ئىشق ئوتى بىرلە قىزىتۇرلەر

ئىشق ئەھلىگە جەننەتتىن ئىرور بەس تۇمۇق ئەلا .

نەۋائى

( « چەببيات » تەزىسىنىڭ چۇشۇرگىسى ، 33 ـ بەت )

ئول بۇت غېمىدىن كاپىرى ئىشق ئولغىلى كۆڭلۇم ،

جان رىشتەلىرىن جەمئى قىلىپ باغلىدى زۇننار ①.

نەۋائى

(« چارىگاھ » نىڭ 1 ـ مەشرىپى ، 115 ـ بەت )

باردۇر نەۋائى بىكەسى ئىشق ئىچرە ئانداقكىم خەسى ،

چۇن ئۆرتەدىڭ ئۇنى بەسى كۆيدۇرمە دوزاقتا يانا .

نەۋائى

(« چارىگاھ » نىڭ نۇسخا مەرغۇلىنىڭ چۇشۇرگىسى ، 107 ـ بەت )

نە قىلاي ئابۇ كەۋسەرنى نىگارىم بولمىسا ساقى ،

خارابات ئەھلىگە بارىپ ئۇلەرگە سۆز قوشۇپ ئۆتتۇم .

مەشرەپ

(« ناۋا » نىڭ 2 ـ مەشرىپى ، 269 ـ بەت )

يۇقىرىقى شېئىرلار گەرچە مەي ، ھەم يار ھەققىدە يېزىلغان بولسىمۇ ، لېكىن ، مەزمۇن جەھەتتىن كۆپ قاتلاملىققا ئىگە بولۇپ ، بىر تەرەپتىن سوپى ـ ئىشانلارنىڭ كىشلەرنى تەركى دۇنيالىققا ئۈندەيدىغان مىستىك خاھىشلىرىغا نەۋائىنىڭ مۇشاۋرەكىنىڭ كىچىك سەلىقە (11) گە سېلىنغان تېكىستىدە :

ئىشق يولىدا زاھىد ئاشىققا قىلۇر تەنە ،

ئاھ ئوقى بىلەن ئانى ئېتىپ يىقىتاي دەيمەن .

① زۇننار ـ ئۆتمۇشتە خرىستىئانلارنىڭ مۇسۇلمانلاردىن پەرقلىنىش ئۈچۈن بېلىگە باغلايدىغان پوتىسى ( بەلگە ) .

دېيىلگىنىدەك ئاشكارا رەدىيە بېرىلسە، يەنە بىر تەرەپتىن مەشرەپنىڭ راك مۇ-
قامىنىڭ تەكىتىگە سېلىنغان:

گەر ياھۇ دېسەم تىلىمنىڭ ئۇچى كۆيىدۇ،
مەگەر سەۋرى ئەيلىسەم تامامۇ جانىم كۆيىدۇ.

دېگەن تەسۋىرىدەك، ئىسلام دۇنياسىدا تىل تەگكۈزۈشكە پېتىنىش قىيىن بولغان ئۇ ئالەم مۇجىزاتلىرىنى بۇ ئالەمدىكى بىر كاسە مەيگىمۇ تەڭ كۆرمەي، « نەقىلاي ئابۇ كەۋسەرنى نىگارىم بولمىسا ساقى » دېگەنىدەك كۈچلۈك خىتابلار ئارقىلىق ھېچنېمىگە ئەرزىگۈسىز ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويىدۇ. بۇ مەي، يار ھەققىدىكى شېئىرلارنىڭ ئېسيانكارلىق روھىنىڭ بىر تەرىپى. يەنە بىر تەرىپى ئۇنىڭ زامانغا بولغان نارازىلىق ۋە كۈچلۈك شىكايىتىدە كۆرۈلىدۇ.

يۇقىرىدا مىسال كەلتۈرۈلگەن « قەدەھ دەۋرىنى خۇش تۇتقىل، ۋاپاسىزدۇر بەسى دەۋران » دېگەن مىسرانىڭ كەينىدىنلا قويۇلغان: « ۋاپاسىز دور زامان ئەھلى، زاماندا نى ۋاپا بولغاي، ۋاپا ئەھلى ئۇلاردىن گەر ۋاپا ئىزدەر، ئىرور نادان » دېگەن مىسرالار يۇقىرىقى تەھلىلىمىزنى ئاساسلاشقا كۇپايە قىلىدۇ.

دېمەك، مەي، يار ھەققىدىكى شېئىرلار، نوقۇل مەي، يارنى كۈيلەش ئۈچۈنلا يېزىلغان بولماي، بوغۇق ئىجتىمائىيلىقنىڭ ئاساسى گەۋدىسىنى شەكىللەندۈرگۈچى مىستىك ئىدىيە ۋە ئەكسىيەتچىل قۇرۇلمىنىڭ ئۇلىغا پالتا ئۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ.

بۈنى ئەدەبىيات ــ سەنئەتنىڭ ئەزەلدىنلا كىشىلەرگە ئىستېتىك زوق بېرىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ئىستېتىك زوق بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدا ئۆزگىرىش ياساپ، ئوبيېكتىپ دۇنيانى قانداق چۈشىنىش ۋە ئۇنى قانداق ئۆزگەرتىش جەھەتتىكى مەنىۋى روھ بېغىشلاش رولى شەكىللەندۈرگەن. شۇڭا ئەدەبىيات ــ سەنئەت ئەزەلدىنلا كىشىلەرنىڭ سا-
ياسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان پەن بولۇپ كەلگەن.

« ئون ئىككى مۇقام » تېكىستلىرى يۇقىرىقى ئىككى مەزمۇندىن

تـاشـقـىرى يەنە كىشلەرنى بىلمگە، ۋەتەنپەرۋەرلىككە، دوستانىلىققا يېتەكـلەپ، پـۇل ۋە بـايـلـىق ئالدىدا ئىسەنكىرەپ كەتمەي، ئۆز هاياتىنى خەلققە بېغىشلاشقا ئۈندەشتەك يۈكسەك ئىدىيىنى نامايان قىلىدۇ.

بىلىم ئېگىلەش ھەققىدىكى شېئىرلار مۇنداق:

شەرىئەت ھۆكمىنى بىلسەڭ ئۇقۇماي ئىلمى مۇمكىن يوق،
ئاڭا ئاجىز ئېگەر كەلسەڭ بۇ سۆزنى ئاڭلا، تۇت مەھكەم.
سوراپ ئالىم كىشلەردىن ئەمەل قىل ھەرنەكىم بۇيرۇر،
دېگەننى جايىغا كەلتۇر، بۆلەكتىن قىلمىغىل ھېچ غەم.
ھۆۋەيدا

(« مۇشاۋىرەك» نىڭ مۇقەددىمىسى، 59 ـ بەت)

ۋەتەنپەرلىك توغرىسىدىكى شېرلار:

جاھانىنى سەير ئېتەرگە نەچچە كۈن باغۇچىمەن ياخشى.
دەمى ئۈلپەت ئالۇرغا دىلبىرى شېرىن سۇخەن ياخشى.
سەمەرقەن سەيقىلى ① ئالەم، بۇخارا قۇۋۋىتى ئىسلام،
بىزنىڭدەك تۈركى ئادەمگە بۇ شەھىرى خوتەن ياخشى.
زەلىلى

(« ناۋا » نىڭ 1 ـ داستانى، 263 ـ بەت)

يۇرت قەدرىنى شاھلار بىلمەس، باشقا يۇرتقا چۈشمىگۈنچە.

« غېرىب ـ سەنەم » داستانىدىن

(« ئۇششاق » نىڭ 2 ـ داستانى، 217 ـ بەت)

ياخشى پەزىلەت يېتىلدۈرۈش توغرىسىدىكى شېئىرلار:

ئەي كۆڭۈل مەرھەم تىلەپ، زەخمىڭگە ئەبغان چەكمىگىل،

---

① سەيقەل ــــ يالتىراق.

دىلدا پىكرى جام ـ جەم ①، تەختى سۇلايمان چەكمىگىل .
ئەل ئۇچۇن خەلق ئۇلدى سىمۇ ـ زەر ②، جاۋاھىر كانلىرى ،
ئىشلىمەي جان ئۇپرىتىپ ، ھەرلەھزە پەرياد چەكمىگىل .
ئەمىرى
(« چەببىيات » مۇستەھزاد ، 34 ـ بەت )
ئاغزىڭگە كىرگەن تەكەللۇم رىشتەسىن * چەكمە ئۇزۇن .
كىم بۇ ئىشتىن سەرنىگۇنلۇق يۈزلىنىپ نۇقسان كېلۇر .
كۆركى چۇن ئاغزىغا كىرگەن رىشتەسىگە بەردى تول ،
ئۆمچۈك ئول رىشتەدىن ھەردەم نىگۇسار ئاسىلۇر .
نەۋائى
(« مۇشاۋىرەك » مۇقەددىمە ، 60 ـ بەت )
جاھاندا ئادىمنىڭ ئېتىبارى سۆزدەدۇر ، يوقسە ،
سۆزىگە ئادىمىكىم تۇرمىغاي نى ئېتىۋار ئاندا .
نەۋائى
(« چارىگاھ » تەزە ، 103 ـ بەت )
سەن ئۆز خۇلقۇڭنى تۈزگىل ئەل ئەخلاقىدىن خۇرسەن .
كىشىگە چۇن كىشى پەرزەند ھەرگىز بولمىدى پەرزەند .
شەكەرلەبلەر تەبەسسۇم قىلغانىن كۆرگەچ كۆڭۈل بىرلە ،
كى بىدىللارنى ئاچچىق يىغلىتۇر ئاخىر بۇ شەكەر خەندە .
ھۆۋەيدا
(« بەنجىگاھ » جۇلا ، 144 ـ بەت ) .
غەنىمەتتۇر ھاياتىڭ نەچچە كۇن ھەق يادىدا ئۆتسە ،
ۋەگەر نە ئول تىرىكلىكتىن نەخۇشتۇر ئۆلگۇنۇڭ ئەلا .
ھۆۋەيدا

---

① جام ـ جەم ـــ جەمشىت پىيالىسى .

② كۇمۇش ـ ئالتۇن .

(« ئوششاق » مۇقەددىمە، 199 ــ بەت)

پەلەكتىن ياخشىلىق كەلدى دىبان كۆڭلۈڭنى شاد ئەتمە،
يامانلىق ھەم يېتەر ھالا ئۇتۇت ئۆتكەننى ياد ئەتمە.
زامانە ئەھلىگە گەر يۈز قۇياشچە مېھرى كىرگۈزسەڭ،
ۋاپانى سەن ئۇلاردىن زەررە چاغلىق ئىتىماد ئەتمە.

نەۋائى

(« مۇشاۋىرەك » تەزە، 63 ــ بەت)

باغ، مۆلكۈڭگە ئىشەنمە ھەر نەقىلساڭ ئادىمى،
ناگامان يەتسە ئەجەل، قالغاي بۇ مۆلكۈڭ باغ ئىلە.

.......................................

.......................................

دۇنيا مالىنى ئىلىبان تويمىغان چەشمى ھېرىس
تويغۇسى تولغاندا كۆزى، گۆر ئارا تۇپراغ ئىلە.

ھۆۋەيدا

(« ئوششاق » بىرىنچى مەشرەپ، 220 ــ بەت)

كىشىلەرنى يۈكسەك ئەدەب ــ ئەخلاق، پاك ــ دىيانەتلىككە ئۈندەپ، ئۇ ئالەمنىڭلا ئەمەس، بۇ ئالەمنىڭ، ئۆزىنىڭلا ئەمەس كەڭ ئاۋامنىڭ غېمىنى يەيدىغان ئېسىل پەزىلەتلىك كىشىلەردىن بولۇشقا يېتەكلەيدىغان بۇ خىل شېئىرلار يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مەي، يار ھەققىدىكى كۆپ قاتلاملىق شېئىرلارنىڭ راۋاجى بولۇپ، يۈكسەك خەلقپەرۋەرلىكنى نامايان قىلىدۇ.

مانا بۇلار « ئون ئىككى مۇقام تېكىستلىرى » نىڭ ئاساسى تەرىپى. لېكىن بۇ خىل شېئىرلارنىڭ ئىچىدە شۇخىل تارىخي شارائىتتىكى ئىدىئولوگىيە، پىسخىكا ۋە بىلىش ئىقتىدارىنىڭ چەكلىمىسىدىن ھالقىپ كېتەلمىگەنلىرىمۇ بار. بۇ خىل نۇقسانلار مۇقام تېكىستلىرىنى رەتلەش جەريانىدا ياخشىلىرىنى سەپلەش ئۇسۇلى بىلەن تۈزىتىپ مۇكەممەللەشتۈرۈلمەكتە.

## مۇقام تېكىستلىرىنى رەتلەش مەسىلىسى

مۇقام تېكىستلىرىنى رەتلەش كلاسسىك مۇزىكا ــ نەغمە قامۇسىمىز بولغان ئون ئىككى مۇقامنى رەتلەش، تولۇقلاش، ئۆستۈرۈش خىزمىتى تەركىبىگە تەئەللۇق زور ئىش. بەزىلەر، مۇقام تېكىستلىرى ئەينى شارائىتتا مۇقام بىلەن بىللە بارلىققا كەلگەن، ئۇنىڭغا چېقىلىشقا بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس.

ئون ئىككى مۇقامنىڭ سۇلتان ئابدۇرېشىتخان دەۋرىدە ( 16 ــ ئەسىردە ) سىستېمىلاشتۇرۇلغانلىقى ئۇنىڭ ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان تارىخى پاكىت. تۇردى ئاخۇن ئاكا ئارقىلىق بىزگىچە يېتىپ كەلگەن مۇقام تېكىستلىرىدە كېيىنكى دەۋرلەردە ئۆتكەن زەلىلى، موللا بىلال نازىمىلارنىڭمۇ شېئىرلىرى بار. بۇ ھال مۇقام تېكىستلىرىنىڭ ئېھتىياج تۈپەيلىدىن ئالمىشىپ تۇرىدىغانلىقىنىمۇ بىلدۈرىدۇ.

مىسال ئۈچۈن چەببىيات مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسىگە سېلىنغان تېكىستلارنى كۆرۈپ باقايلى. بۇ مۇقەددىمىگە تۇرداخۇن ئاكا لېنتىغا بەرگەن نۇسخىسىدا نەۋائىينىڭ: « ئاي جامالىڭ مېھرىدىن روشەن ئەزەلدىن تائەبەت » دېگەن غەزىلى سېلىنغان بولسا، « ئىلى ئون ئىككى مۇقامى » نۇسخىسى بىلەن سوۋېت ئۇيغۇرلىرى رەتلىگەن نۇسخىسىدا مەشرەپنىڭ: « ئەدەمدىن ھەر كىشى دۇنياغا كەلدى پېشۋاسى بار » دېگەن غەزىلى سېلىنغان. كېيىن ئۇ شېئىر نەۋائىينىڭ: « كەل ئى مەھبۇبى مەتلۇبۇم سېنىڭ ياشىڭ ھازار بولسۇن » دېگەن غەزىلگە ئالماشتۇرۇلدى.

« پەنجىگاھ » مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسىگە كەلسەك، تۇرداخۇن ئاكا نۇسخىسىدا ھۆۋەيدانىڭ: « ۋادەرىخا، سەددەرىخا كەتتى ئۆمرۈم بىلمىدىم » دېگەن غەزىلى ئېيتىلغان، « ئىلى ئون ئىككى مۇقامى » نۇسخىسىدا مەشرەپنىڭ « ھەزرىتى ئادەم بىنا بولغاندا مەن بىللە ئىدىم » دېگەن غەزىلى، سوۋېت ئۇيغۇرلىرى رەتلىگەن نۇسخىدا بولسا مەشرەپنىڭ: « جەۋھىرى دىلنى بىلۇرگە مەردۇدىل ئاگاھ كېرەك » دېگەن غەزىلى، كېيىن رەتلەنگەن

نۇسخىدا زەللىنىڭ : « يۈزۈڭگە بىھۇش ھالدا سەجدە قىلدىم بى رىيادەرلەر » دېگەن غەزىلى سېلىنغان .

مۇقام تېكىستلىرىنى ئېھتىياج تۇپەيلىدىن ئالماشتۇرۇش ياكى سەپلەش ئەھۋالى مۇقامنىڭ داستان ۋە مەشرەپ قىسىملىرىدىمۇ كۆرۈلىدۇ . سورۇنلاردا بولسا ، سورۇن كەيپىياتىغا قاراپمۇ ئۆزگەرتىپ ئېيتىلىدۇ .

تارىختىن قالغان مۇنداق بىر رىۋايەت بار :

سەئىدىيە خانى سۇلتان ئابدۇرىشتخان ئوۋ ئوۋلاپ يۈرۈپ ، جاڭگالدا بىر ئوتۇنچىنىڭ ئۆيىدىن تەمبۇرگە تەڭكەش قىلىنغان مۇقامنى ئاڭلايدۇ . بۇنى ئېيتقۇچى ئەسلىدە ئۇنىڭ خانىشى بولمىش ئامانىسا ئىدى . سۇلتان ئابدۇرىشتخان ئۇنىڭ دىدارىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئاددىي پۇقرا سىياقىدا ئۇنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ ، ماخمۇت ئوتۇنچىنىڭ ئىجازىتى بىلەن ئامانىسانىڭ مۇقامىنى ئاڭلاشقا سازاۋەر بولىدۇ . ئامانىسا ئۇ مۇقامنى « نەدىن ئۇندى بۇ تىكەن » دېگەن غەزەل بىلەن ئېيتىدۇ . ئابدۇرىشتخان مۇقام تۈگىگەندىن كېيىن بۇ غەزەلنىڭ ئاپتورىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سورايدۇ . ئامانىسا ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ : « مەن نەۋائىنىڭلا غەزىلىنى ئوقۇيمەن ، ئۇنداق بولمىغاندا نەفسەنىڭ ، يەنى ئۆزۈمنىڭ غەزىلىنى ئوقۇيمەن ، » دەيدۇ .

بۇ رىۋايەت مۇقام تېكىستلىرىنىڭ ئىلگىرىمۇ سورۇن كەيپىياتىغا قاراپ ، سەپلىنىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ .

مۇقام تېكىستلىرىنىڭ سەپلىنىشىدە تەبىئىيكى ، زامان ۋە شارائىتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇش كۆزدە تۇتۇلغانلىقى ئېنىق ، ئەلۋەتتە .

ئەمدى سەپلەنگەن تېكىستلارنىڭ مۇزىكا مەزمۇنىغا ماس كېلىش ، كەلمەسلىكى مەسىلىسىگە كەلسەك ، بۇنىڭدا مۇنداق ئىككى جەھەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ .

1 . مۇزىكا مەزمۇنى مەسىلىسى

مەيلى كلاسسىك ، مەيلى يەرلىك ، مەيلى خەلق ناخشىلىرىمىزدا بولسۇن ، بىزدە ئاھاڭدىنمۇ ، تېكىستىنمۇ ئورتاق ھوزۇرلىنىشتىن ئىبارەت بىر خىل ئالاھىدىلىك بار . شۇ ۋەجىدىن ، تارىخى ياكى داستان تۈسىنى ئالغان ناخشىلىرىمىزدىن باشقىلىرىدا ، بولۇپمۇ مۇھەببەت ناخشىلىرىمىزدا مۇقىم تې-

كىست بولمايدۇ. ھەركىم ئۆزخاھىشى، ئۆز پىكىر - ھېسسىياتى بويىچە ئۆزى خالىغان تېكىستنى سېلىپ ئېيتىۋېرىدۇ. نەغمىچىلىرىمىز بولسا، سورۇن كەيپىياتىغا قاراپ ئىجات قىلىپمۇ ئېيتىۋېرىدۇ. بۇنىڭدا تېكىست مەزمۇنى مۇزىكا مەزمۇنىغا ماس كېلىش شەرت. ئەلۋەتتە، بۇ، مۇڭلۇق ئاھاڭغا خۇشاللىقنى ئىپادە قىلغۇچى تېكىست، شوخ، جۇشقۇن ئاھاڭلارغا مەسرەتلىك تېكىستلارنى سالسا ماس كەلمەيدۇ، دېگەنلىك. مۇقام ئاھاڭلىرىنىڭ مۇقىم بىر غەزەلدىلا ئېيتىلىپ كەلمەسلىكى ناخشا - مۇزىكىلىرىمىزدىكى ئاشۇ ئالاھىدىلىكنىڭ بىر خىل ئىپادىسىدۇر.

ئۇنداقتا ئۇنىڭغا يېڭى تېكىست سالسا بولامدۇ؟

بۇ ھازىرغا قەدەر ئوچۇق - ئاشكارا مۇنازىرە تۈسىنى ئالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىچكى جەھەتتە ئانچە - مۇنچە ئىپادىلىنىپ تۇرۇۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ بىرى.

« يېڭى تېكىست سالسا بولىدۇ » دېگۈچىلەر سۆزنىڭ ئۇقۇملۇق بولۇشىنى كۆزدە تۇتىدۇ. « ئەسلى تېكىستى بىلەن ئېيتىلىشى كېرەك » دېگۈچىلەر ئۇنىڭ ئەنئەنىۋىلىكىنى قوغداپ قېلىشنى كۆزدە تۇتىدۇ.

مەن گەرچە مۇقام تېكىستلىرىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردە مەلۇم ئېھتىياج تۈپەيلى ئۆزگىرىپ كەلگەنلىكى، ھەتتا سورۇن كەيپىياتى بويىچىمۇ سەپلىنىپ تۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا كۆپلىگەن نەقىللەرنى كەلتۈرۈۋاتقان بولسامۇ، لېكىن، ئۇنىڭ قەدىملىكىنى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە قوغداپ قېلىشتا ئۇنىڭ تېكىستلىرىنىڭ كلاسسىك غەزەللەردىن تەركىب تېپىشىنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار تەرىپىدە تۇرىمەن. سەۋەبى، كلاسسىك ئاھاڭ كلاسسىك شېئىرلار ئارقىلىقلا ئەينى يىللارنىڭ دەۋر ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ. بۇ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ناخشا - مۇزىكىلىرىمىزنى پەرقلەندۈرۈش، ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىشتىكى بىردىنبىر ئۆلچەم.

مۇقام تېكىستلىرى ئەينى دەۋردە ئىلغار دەپ تونۇلغان ئىجتىمائىي ئەخلاق پورمىلىرىنى تەشەببۇس قىلىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغان دىداكتىك ئەدەبىياتقا مەنسۇپ. ئەگەر ئۇنى ھازىرقى زامان شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىغا ئالماشتۇرۇپ قويساق، مۇقامغا خاس دەۋر ئالاھىدىلىك ئەكس ئەتمەيلا قالماي، ئۇنىڭغا سېلىنغان يېڭى زامان تېكىستلىرى مەلۇم تەشۋىقات ئېھتىياجىغا

مەركەزلىشىپ قالىدۇ ـ دە، دەۋر ئېقىمىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىياتىغا ماسلىشالماي قالىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىنكى ھەرقايسى دەۋرلەردە مۇقام ئاھاڭلىرىغا سېلىنغان يېڭى تېكىستلارنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىلەرنى تەشۋىق قىلىش دائىرىسىدىن ھالقىپ كېتەلمەي، يېرىم يولدا چۈشۈپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىمۇ مۇشۇ.

ھازىر ئون ئىككى مۇقام كلاسسىك شائىرلارنىڭ ئۆزىگە خاس شېئىرلىرىنى مەزمۇن قىلغان ھالدا رەتلىنىش، تولۇقلىنىش باسقۇچلىرىدىن ئۆتۈپ، كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى. بۇنى ئون ئىككى مۇقامنىڭ يېڭى دەۋردىكى يېڭىچە جىلۋىلىنىشى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. بۇنىڭدىن، ئون ئىككى مۇقامنى ئۆز ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە قوغداپ قېلىشقىلا بولىدۇ، يەنە راۋاجلاندۇرۇش، تېكىستلىرىنى يېڭىلاشقا بولمايدۇ، دېگەن مەنە چىقمايدۇ، ئەلۋەتتە. « كونىدىن يېڭىنى يارىتىش، قەدىمكىنى بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش » يۆلىنىشىنى بۇ كلاسسىك مۇزىكىغا تەدبىقلاش تامامەن مۇمكىن ۋە شۇنداق بولۇپ كەلدى:

① ئون ئىككى مۇقامنى قېزىش، رەتلەش، تولۇقلاش، ئۆستۈرۈش باسقۇچلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇنى ئېلىمىز خەلقىنىڭلا ئەمەس، دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ دىققىتىگە سازاۋەر قىلغانلىقىمىز ئەنە شۇ روھنىڭ ئېلىمىز دائىرىسىدىكى قىرىق يىللىق تىرىشچانلىقىنىڭ نامايەندىسى. بۇنى سۇلتان ئابدۇرىشىتخان دەۋرىدىكى سىستېمىلاشتۇرۇشنىڭ يېڭى زاماندىكى داۋامى، راۋاجلىنىشى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

② 30 ـ يىللاردىن باشلاپلا خەلق داستانلىرى ئاساسىدا ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن « تاھىر ـ زوھرە »، « غېرىپ ـ سەنەم »، « پەرھات ـ شېرىن »، « لەيلى ـ مەجنۇن » قاتارلىق دراملارغا كىرىشتۈرۈلگەن مۇقام ئاھاڭلىرى ۋە ئازادلىقتىن كېيىن ئوينالغان « مۇقام ئۇستازى »، « مۇقام ئەجداتلىرى » قاتارلىق ئىجادىي دراملارغا كىرىشتۈرۈلگەن مۇقام مۇزىكىلىرى ئوخشاشلا «كونىدىن يېڭىنى يارىتىش » دائىرىسىگە كىرىدۇ.

③ ھەر بىر مۇقامدىن بىر سەھنە ئەسىرى يارىتىش يۆنىلىشى بويىچە «ئۇششاق » مۇقامى ئاساسىدا « خەلق گۈكىشىسى ياخشى » (گەرچە ئۆمرى ئانچە ئۇزۇن بولمىغان بولسىمۇ)، « ئۆزھال » مۇقامى ئاساسىدا « تىيانشاننىڭ

باھارى» ناملىق چوڭ تىپتىكى ناخشا - ئۇسسۇل تىياتىرلىرى ۋۇجۇدقا چىقىرىلدى، «چەببىيات» مۇقامى سەھنىلەشتۈرۈلۈپ، ئىلمىي دائىرىسىدىلا ئەمەس، چەت ئەللەردىمۇ قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشتى.

يۇقىرىقى ئۈچ خىل ئۇسۇلدا ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەتلەرنى «كونىدىن يېڭىنى يارىتىش»، «قەدىمقىنى بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش» نۇقتىئىنەزەرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. شۇنداقلا بۇ ئۇن ئىككى مۇقامنى تېخىمۇ زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىش جەريانى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**2. شەكىل مەسىلىسى**

مۇقام تېكىستلىرىنى رەتلەش، سەپلەشتە مەزمۇن بىردەكلىكىدىن تاشقىرى، شەكىل جەھەتتىكى بىردەكلىكمۇ مۇھىم.

ھازىر مۇقامدىكى بىر قىسىم تېكىستلەر ۋاي، جانەي، ئاھ ... ئايەي، دېگەندەك قوشۇمچە سۆزلەرنىڭ ياردىمى بىلەنلا ئۆز رولىنى ئادا قىلىۋاتىدۇ. بۇ ھال تېكىست ۋەزنى بىلەن مۇزىكا رىتىمىنىڭ بىردەك بولمىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى.

مۇقام ئاھاڭلىرى رىتىم - ئۇدارغا ئىنتايىن باي بولۇشى بىلەن بىللە، رىتىم - ئۇدار جەھەتتىن ئىنتايىن مۇرەككەپلىككە، ئىنتايىن نازۇكلۇققا ۋە خاسلىققا ئىگە. ئەگەر بىز مۇزىكىغا سېلىنىدىغان تېكىستلارنى ۋەزىن جەھەتتىن ماسلاشتۇرالمىساق، ئۇنىڭ رىتىم - ئۇدارلىرىنىلا ئەمەس، ئاھاڭ تۈسىنىمۇ بۇزۇپ قويىمىز. رەتلىنىپ لېنتىغا ئېلىنغان مۇقاملاردىكى بەزى تېكىستلارنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك قوشۇمچە سۆزلەرنىڭ ياردىمى بىلەن تەسلىكتە چۈشۈۋاتقانلىقى بىزنىڭ تېكىست ۋەزنى بىلەن مۇقام ئاھاڭلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە دېيەرلىك تەتقىقات ئېلىپ بارمىغانلىقىمىزنى كۆرسىتىدۇ. بۇنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن مۇقام مۇقەددىمىسىگە سېلىنغان تېكىستلارنىڭ قۇرۇلمىسى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەيلى:

مۇقام مۇقەددىمىسىگە سېلىنغان غەزەللەرنىڭ كۆپ قىسمى ھەزەج

بەھرىگە مەنسۇپ بولۇپ، مافائىلۇننىڭ تۆت تەكرارىدىن قۇرۇلغان. مەسىلەن:

« ساتارىم تارىغا جان رىشتىدىن تار ئېشىپ سالسام » ( مەشرەپ )
ئەدەمدىن ھەر كىشى دۇنياغا كەلدى پىشۋاسى بار » ( مەشرەپ )
« جۇنۇن ۋادىسىگە مايىل كۆرەرمەن جانى زارىمنى » ( نەۋائى )
« مۇزەھھەپ ئەيلىگەن پەيكانلىرىڭ جىسمىم ئارا ھەريان » ( نەۋائى )
« جاھاندا تاپتىلەر ئىنسان رىيازەتتىن رەھنىمالىقنى » ( قىزىق )
« كۆكلۈل يايرايدۇ شادلىقتىن ئەجەب ئۇبدان زامان بولدى » ( ت. ئىلىيوپ )
« جاراڭلايدۇ خۇشال نەغمەم » ( پەنجىگاھ ) (ت. ئىلىيوپ )
« زەھى كۆك باشىغە گەردۇن خىرامانىڭ ئىزىدىن تاج » ( نەۋائى )

شۇنىڭ بىلەن بىللە، يىگىدىن رەتلەنگەن « ئەجەم » مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسىگە: « مەن ھىرات شەھرىدە كۆردۇم بىر ئاجايىپ مەنزەرى » دېگەن غەزەل سېلىنغان، بۇ رەمەل بەھرىگە مەنسۇپ بولۇپ، پائىلاتۇننىڭ ئۈچ تولۇق، بىر كەمتۈك تەكرارلىنىشىدىن تۈزۈلگەن. تۇرداخۇن ئاكا ئېيتقان « ئەجەم » مۇقەددىمىسىدە بولسا، « سەنەمنىڭ دەردىنى دەپتەر قىلىپ خەتكە يېزىپ بولماس » دېگەن غەزەل سېلىنغان. بۇ غەزەل ھەزەج بەھرىگە مەنسۇپ بولۇپ، « مەن ھىرات شەھرىدە كۆردۇم بىر ئاجايىپ مەنزەرى » دېگەن رەمەت بەھرىدىكى غەزەلدىن ۋەزىن جەھەتتىمۇ، بوغۇم جەھەتتىمۇ پەرقلىنىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ئۇ مۇقەددىمىگە چۇشۇرۇشتە بىر قىسىم قوشۇمچە سۆزلەرنىڭ ياردىمى ئارقىلىق تولۇقلىنىش ۋە شەكلىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ناۋادا مۇقەددىمە ئاھاڭىدىكى ئازادلىق بۇ خىل تولۇقلىنىشقا ئىمكانىيەت بېرىدۇ دېيىلسە، ئېنىقكى، باشقا خىل ئاھاڭلاردا بۇ خىل ھالەت شەكىللەنسە، ئاھاڭدا چوڭ بۇزۇلۇش بولىدۇ. بۇ خۇددى خەلق ناخشىسى « جانەي » دىكى « جاپانى كىم تولا چەكسە، گۆھەرنى شۇ ئالۇر تاشتىن » دېگەن قوشاقنى « ھارۋىكەش » ناخشىسىدىكى « ئېتىمنى چېپىپ

ئۇتتۇم، بۇلۇكەي يولى بىلەن » دېگەن قوشاقنىڭ ئورنىغا دەسستىشكە بولىمىغىنىدەك ئىش.

مۇقام تېكىستلىرىنى سەپلەشتىكى بۇ خىل نۇقسان ھەرقايسى مۇقاملارنىڭ نەغمە ۋە مەشرەپ قىسىملىرىدىمۇ كۆرۈلىدۇ. بۇ خىل نۇقساندىن قۇتۇلۇش ئۇچۇن ھەرقايسى بۆلەكلەرنىڭ رىتىم - ئۇدارلىرىنىڭ ئاروز ۋەزنىنىڭ قايسى ۋەزنى ۋە قايسى بەھرىگە مۇۋاپىق كېلىدىغانلىقىنى تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. لېكىن، بۇ خىل تەتقىقات شائىرلارنىڭلا قولىدىن كەلمەيدۇ، مۇقامشۇناسلارنىڭ قولىدىن كېلىشىمۇ قىيىن، چۈنكى تېكىست بىلەن مۇزىكا ئىككى ساھەگە مەنسۇپ. شۇڭا ھەر ئىككى ساھەدىكىلەر بىرلىكتە قول سالغاندىلا مەلۇم نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ، دەپ ھېسابلايمەن.

### مۇقام ئاھاڭىدا تېكىستىن تاشقىرى تەكرارلىنىدىغان قوشۇمچە سۆزلەر

مۇقام ئاھاڭىدا ئاھاڭ تەلىپى بويىچە تېكىستتىن تاشقىرىمۇ تەكرارلىنىدىغان بىرمۇنچە قوشۇمچە سۆزلەر بار. بۇ سۆزلەرنىڭ بىر قىسمى نەقرات شەكلىدە تەكرارلانسا، بىر قىسمى مىسرا ئارىلىقىدا تەكرارلىنىدۇ.

نەقرات شەكلىدە كېلىدىغانلىرى ھەربىر كۇپلېت ئاھاڭىنى تولۇقلاش، كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن: « ئاھۇ يارەي، گۈليارەي، قايدا سەندەك گۈليارەي، ئانەش كۆزلۈك جانانىم، ئايارەي » ياكى: « سېنىڭغىنا دەردىڭ يامانەي، ئاللا » دېگەنلەرگە ئوخشاش.

مىسرا ئارىلىقىدا كېلىدىغانلىرى ئاھاڭنىڭ جەزىبدارلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. مەسىلەن، پەنجىگاھنىڭ تەزىسىدىكى « قوينىدا ياتسا يىلان، ئۆيقۇ كۆزىگە نەئىرۇر، ئۇلكى ھەر كۈن ياد ئېتەر بىر زۇلفىنىڭ چىرماشقىنىن » دېگەن مىسرالار ئاھاڭغا چۈشكەندە قوشۇمچە سۆزلەر بىلەن قوشۇلۇپ مۇنداق ئېيتىلىدۇ.

« ( ۋاي ) قوينىدا ياتسا يىلان، ( يائاللا ) ئۆيقۇ كۆزىگە نەئىرۇر،
ئۇلكى ھەر كۈن ياد ئېتەر ( يائاللا ) بىر زۇلفىنىڭ چىرماشقىنىن.

ئاھ، ياھۇ يارەي، بىر مەدەتكارەي، يائاللا بىر زۇلفىنىڭ
چىرماشقىنىن »

يۇقىرىقى ئىككى خىل شەكىلدە كەلگەن قوشۇمچە سۆزلەرنىڭ نەقرات شەكىلدە كەلگەنلىرىلا ئۆز ئالدىغا ئېنىق مەنە بىلدۈرەلەيدۇ، مىسرا ئارىلىقىدا كەلگەنلىرى بولسا، ئېنىق ئۇقۇم بېرەلمەيدۇ. بۇ خۇددى خەلق ناخشىلىرىدىكى ئايارەي، جانەي، ئۆرگىلەي، دوستلار دېگەنلەرگە ئوخشاش. لېكىن، بۇ خىل قوشۇمچە سۆزلەردىكى «ئاللا»، «ئاللىيەي» دېگەنلەرنى «خۇداغا ئىلتىجا قىلىش» دەپ چۈشىنىپ، ئۇنى ئۆزگەرتىۋېتىشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلارمۇ يوق ئەمەس. ئەگەر «ئاللا» سۆزى خۇداغا ئىلتىجا قىلىش مەنىسىدە كەلگەن بولسا، مىسرا ئارىلىقىدا نېمە ئۈچۈن تېكىست مەزمۇنىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتمەي، ئەكسىچە ئۇنىڭغا بىرىكىپ كېتىدۇ؟ «ئاللا» سۆزىنىڭ تۇرمۇشتىمۇ بىر قىسىم ئاتالغۇلارغا بىرىكىپ ئۇنى كۈچەيتىش رولىنى ئۆتەۋاتقان نۇسخىلىرىمۇ ئاز ئەمەس. مەسىلەن: خەلق ناخشىلىرىدىكى «ئاللا يارىم»، «ئاللا، ئاللا، ھەي باللا»، «ئاللا بالىخان» دېگەنگە ئوخشاشلار.

يۇقىرىقى مىساللار «ئاللا» سۆزىنىڭ خۇداغا ئىلتىجا قىلىش مەنىسىدە ئەمەس، پەقەت مىسرالار ئارىلىقىدا ئاھاڭنىڭ جەزبىدارلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈنلا تەكرارلىنىدىغان قوشۇمچە سۆز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

بۇنىڭدىن بۇ سۆزلەرنىڭ مۇقام ئاھاڭلىرىنىڭ كەرەشمىلىكىنى ئاشۇرۇپ، كۈي شەكلىدە ئۆزگىرىش ياساش زۆرۈرىيىتى بىلەن بارلىققا كەلگەنلىكىنى، ئۇنىڭ مۇقام ئاھاڭلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە دىتال سۈپىتىدە خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ ئېلىش قىيىن بولمىسا كېرەك.

شۇڭا، بۇ خىل قوشۇمچە سۆزلەرنىڭ مۇقام ئاھاڭلىرىدىكى ئورنى ۋە رولىغا توغرا مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنى تېخىمۇ جۇلالاندۇرۇشىمىز، شۇ ئارقىلىق مۇقامنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان بۇ خىل ئالاھىدىلىكىنىڭ زوقلاندۇرۇش كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇشىمىز لازىم.

## ئالتىنچى باب

# ئون ئىككى مۇقامنىڭ قايتا رەتلىنىشى

ئون ئىككى مۇقامنى قېزىش، توپلاشتىن تارتىپ، تەتقىق قىلىش، رەتلەش، تولۇقلاش ۋە ئۆگىنىپ لېنتىغا ئېلىش باسقۇچلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ، رادىئو ئارقىلىق كەڭ جامائەتچىلىككە تولۇقى بىلەن ئاڭلاتقۇچىلىك — ئاتالمىش مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىكى ئون يىللىق قالايمىقانچىلىق دەۋرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى يىللىرى بولغان 50 ـ يىللاردىن 1992 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىگە ① قەدەر ئىزچىل تۈردە كەڭ ۋە زور خىزمەتلەر ئىشلىنىپ كەلدى.

بۇ جەرياندا ئون ئىككى مۇقامنى بىزگىچە يەتكۈزۈپ كەلگەن مۇقامشۇناسلاردىن تۇرداخۇن ئاكا، روزى تەمبۇر، قاسىم ئەلنەغمە قاتارلىق پېشقەدەملىرىمىز ئالەمدىن ئۆتتى.

تەتقىق قىلىش، رەتلەش، تولۇقلاش جەريانىدا زىكرى ئەلپەتتا، ئابدۇكېرەش ئەلى، ئابلىزخان مامۇت، ئۆمەرئاخۇن قاتارلىق مۇقامشۇناسلىرىمىز ئالەمدىن ئۆتتى. ئۆستۈرۈش، ئۆگىنىش، لېنتىغا بېرىش جەريانىدا ھۆسەنجان جامى قاتارلىق پېشقەدەملىرىمىز پېنسىيىگە چىقتى، ياش مۇقامشۇناس تەتقىقاتچىلىرىمىزدىن ئەمەتجان ئەخمەدى، قاۋۇل تۇردى، مەتروزى تۇرسۇن قاتارلىقلار چاچلىرىنى ئاق ئارىلىغان پېشقەدەملەرگە ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە قۇربانجان روزى، يۈسۈپجان روزى، دولقۇن سەپەر،

---

① 1992 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى «ئون ئىككى مۇقام» نى رەتلەش، تولۇقلاش خىزمىتىنىڭ غەلىبىلىك ئاياغلاشقانلىقىنى جاكارلاپ ئاخبارات ئېلان قىلىندى.

پەرھات داۋۇت قاتارلىق مۇقام چالغۇچىلىرى، ئوسمان ئەمەت، تۇرنىسا سالاھىدىن، غاپپار ئەخمەت، رىسالەت ھاپىز، زەينۇللا بۇرھان، پۇچۇنئاي نۇراخۇن، نۇرنىسا ئاتاۋۇللا قاتارلىق ئون ئىككى مۇقامنى تولۇق ئېيتقۇچى مۇقامچىلىرىمىز بارلىققا كەلدى.

مۇشۇ بويىچە پەرەز قىلغىنىمىزدا، ئون ئىككى مۇقامدىن ئىبارەت بۇ مەدەنىي مىراسىمىزغا، ئۇنى شەكىللەندۈرگەن يۈسۈپ قىدىرخان، ئامانىنساخانلاردىن تارتىپ، ئۇنى بىزگىچە يەتكۈزۈپ كەلگەن تۇرداخۇن ئاكا، روزى تەمبۇر، قاسىم ئەلنەغمە قاتارلىق پېشقەدەملەرگىچە بولغان نەچچە يۈز يىللىق جەرياندا قانچىلىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ قانچە كۆپ قان - تەر، زېھنىي قۇۋۋىتى سەرپ بولغان بولغىدى؟! ئەپسۇسكى، ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئىلى ۋاريانتىنى شەكىللەندۈرگەن روزى تەمبۇرنىڭ ئەجرىلىك ئەمگىكى بىزگە بىرفەدەر مەلۇملۇق بولسىمۇ، لېكىن ئون ئىككى مۇقامنى تولۇقى بىلەن بىزگىچە يەتكۈزۈپ كەلگەن ئۇلۇغ تۆھپىكار تۇرداخۇن ئاكىنىڭ ئىجادىي ھاياتىنىڭ ئەمگەك ئىزلىرىدىن چوڭراق بىرەر خاتىرە قالدۇرۇلغان ئەمەس.

مېنىڭچە، ھەرقانداق ئاھاڭ ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنى زامانىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن دەۋرگە لايىقلىشىش نۇقتىسىدىن ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىش ياساش زۆرۈرىيىتىگە دۇچ كېلىدۇ، ئەڭ بولمىغاندا ھەرقايسى ناخشىچى ۋە سازەندىنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكى بويىچە شەكىللەنگەن ئۇسلۇبىنى بويلاپمۇ كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىنمۇ تۇرداخۇن ئاكىنىڭ ئون ئىككى مۇقامنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇكەممەللىشىگە قوشقان تۆھپىلىرىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. بىراق بۇ، ئەينى يىللاردا كىشىلەرنىڭ دىققەت نەزەرىدىن چەتتە قالغان. شۇ ۋەجىدىن، تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، مۇقام تەتقىقاتىنىڭ بۈگۈندىن كېيىن تېخىمۇ پۇختا ئاساس، ئېنىق يۆنىلىش بويىچە مۇۋەپپەقىيەتلىك يۈكسىلىشىگە تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، ئۆزىمىزنىڭ ۋارىسلىق قىلىش دائىرىسىدە قىلغان ئىشلىرىمىزنى تولۇقى بىلەن خاتىرىلەپ قويۇشىمىز زۆرۈر، دەپ قارايمەن.

«ئون ئىككى مۇقامنىڭ قايتا رەتلىنىشى» ناملىق بۇ تېما ئەنە شۇ مەقسەتتە يورۇتۇلدى.

## ئون ئىككى مۇقامنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن نۇسخىلىرى:

① راك

چوڭ نەغمە: مۇقامنىڭ باشلىنىشى، تەزە، تەزە مەرغۇلى، نۇسخا، نۇسخا مەرغۇلى، كىچىك سەلىقە، كىچىك سەلىقە مەرغۇلى، چۇشۇرگىسى، جۇلا، سەنەم، چوڭ سەلىقە، پەشرۇ، پەشرۇ مەرغۇلى، تەكىت.

داستان: 1 ـ داستان، 1 ـ داستان مەرغۇلى، 2 ـ داستان، 2 ـ داستان مەرغۇلى، 3 ـ داستان، 3 ـ داستان مەرغۇلى، 4 ـ داستان، 4 ـ داستان مەرغۇلى.

مەشرەپ: 1 ـ مەشرەپ، 2 ـ مەشرەپ.

② چەببىيات:

چوڭ نەغمە: مۇقامنىڭ باشلىنىشى، تەزە، تەزە مەرغۇلى، چۇشۇرگۈسى. مۇستەھزات، مۇستەھزاد مەرغۇلى، چۇشۇرگۈسى، كىچىك سەلىقە، كىچىك سەلىقە مەرغۇلى، چۇشۇرگۈسى. جۇلا، سەنەم، چوڭ سەلىقە، تەكىت.

داستان: 1 ـ داستان، 1 ـ داستان مەرغۇلى، 2 ـ داستان مەرغۇلى، 3 ـ داستان، 3 ـ داستان مەرغۇلى، 4 ـ داستان، 4 ـ داستان مەرغۇلى.

مەشرەپ: 1 ـ مەشرەپ، 2 ـ مەشرەپ، 3 ـ مەشرەپ.

③ مۇشاۋىرەك:

چوڭ نەغمە: مۇقامنىڭ باشلىنىشى، تەزە، تەزە مەرغۇلى، چۇشۇرگىسى. نۇسخا، نۇسخا مەرغۇلى، چۇشۇرگىسى. سەلىقە، سەلىقە مەرغۇلى، چۇشۇرگىسى، جۇلا، سەنەم، چوڭ سەلىقە، 1 ـ كىچىك سەلىقە، 1 ـ كى-

چىك سەلىقە مەرغۇلى ، 2 ـ كىچىك سەلىقە ، 2 ـ كىچىك سەلىقە مەرغۇلى ، چۇشۇرگىسى ، پەشرۇ ، پەشرۇ مەرغۇلى ، تەكىت ، داستان :

دآستان : 1 ـ داستان ، 1 ـ داستان مەرغۇلى ، 2 ـ داستان ، 2 ـ داستان مەرغۇلى ، 3 ـ داستان ، 3 ـ داستان مەرغۇلى ، 4 ـ داستان ، 4 ـ داستان مەرغۇلى .

مەشرەپ : 1 ـ مەشرەپ ، 2 ـ مەشرەپ ، 3 ـ مەشرەپ ، 4 ـ مەشرەپ 5 ـ مەشرەپ ، 6 ـ مەشرەپ .

④ چارىگاھ :

چوڭ نەغمە : مۇقامنىڭ باشلىنىشى ، تەزە ، تەزە مەرغۇلى ، چۇشۇرگىسى . نۇسخا ، نۇسخا مەرغۇلى ، چۇشۇرگىسى . جۇلا ، سەنەم ، كىچىك سەلىقە ، كىچىك سەلىقە مەرغۇلى ، چۇشۇرگىسى ، تەكىت .

داستان : 1 ـ داستان ، 1 ـ داستان مەرغۇلى ، 2 ـ داستان ، 2 ـ داستان مەرغۇلى ، 3 ـ داستان ، 3 ـ داستان مەرغۇلى .

مەشرەپ : 1 ـ مەشرەپ ، 2 ـ مەشرەپ ، 3 ـ مەشرەپ .

⑤ پەنجىگاھ :

چوڭ نەغمە : مۇقامنىڭ باشلىنىشى ، تەزە ، تەزە مەرغۇلى ، چۇشۇرگىسى ، نۇسخا ، نۇسخا مەرغۇلى ، چۇشۇرگىسى ، جۇلا ، 1 ـ سەنەم ، 2 ـ سەنەم ، 3 ـ سەنەم ، 4 ـ سەنەم ، چوڭ سەلىقە ، كىچىك سەلىقە ، كىچىك سەلىقە مەرغۇلى ، كىچىك سەلىقە ئۆزگىرىشى ، پەشرۇ ، پەشرۇ مەرغۇلى ، چۇشۇرگىسى ، تەكىت .

داستان : 1 ـ داستان ، 1 ـ داستان مەرغۇلى ، 2 ـ داستان ، 2 ـ داستان مەرغۇلى ، 3 ـ داستان ، 3 ـ داستان مەرغۇلى .

مەشرەپ : 1 ـ مەشرەپ ، 2 ـ مەشرەپ ، 3 ـ مەشرەپ ، 4 ـ مەشرەپ ، 5 ـ مەشرەپ .

⑥ ئۆزھال :

چوڭ نەغمە : مۇقامنىڭ باشلىنىشى ، تەزە ، تەزە مەرغۇلى ، نۇسخا ،

نۇسخا مەرغۇلى چۇشۇرگىسى . 1 ـ كىچىك سەلىقە ، 1 ـ كىچىك سەلىقە مەرغۇلى ، چۇشۇرگىسى . جۇلا ، سەنەم ، چوڭ سەلىقە ، 2 ـ كىچىك سەلىقە ، 2 ـ كىچىك سەلىقە مەرغۇلى ، 2 ـ كىچىك سەلىقە ئۆزگىرىشى ، پەشرۇ ، بەشرۇ مەرغۇلى ، تەكىت .

داستان : 1 ـ داستان ، 1 ـ داستان مەرغۇلى ، 2 ـ داستان ، 2 ـ داستان مەرغۇلى ، 3 ـ داستان ، 3 ـ داستان مەرغۇلى .

مەشرەپ : 1 ـ مەشرەپ ، 2 ـ مەشرەپ ، 3 ـ مەشرەپ ، 4 ـ مەشرەپ ، 5 ـ مەشرەپ ، 6 ـ مەشرەپ ، 7 ـ مەشرەپ .

⑦ ئەجەم

چوڭ نەغمە : مۇقامنىڭ باشلىنىشى ، تەزە ، تەزە مەرغۇلى ، چۇشۇرگىسى . سەلىقە ، سەلىقە مەرغۇلى ، چۇشۇرگىسى ، تەكىت .

داستان : 1 ـ داستان ، 1 ـ داستان مەرغۇلى ، 2 ـ داستان ، 2 ـ داستان مەرغۇلى ، 3 ـ داستان ، 3 ـ داستان مەرغۇلى ، 4 ـ داستان ، 4 ـ داستان مەرغۇلى .

مەشرەپ : 1 ـ مەشرەپ ، 2 ـ مەشرەپ . 3 ـ مەشرەپ .

⑧ ئوششاق

چوڭ نەغمە : مۇقامنىڭ باشلىنىشى ، تەزە ، تەزە مەرغۇلى ، چۇشۇرگىسى . نۇسخا ، نۇسخا مەرغۇلى ، چۇشۇرگىسى . يارىم ساقى ، يارىم ساقى مەرغۇلى ، جۇلا ، سەنەم ، چوڭ سەلىقە ، كىچىك سەلىقە مەرغۇلى ، پەشرۇ ، تەكىت .

داستان : 1 ـ داستان ، 2 ـ داستان ، 2 ـ داستان مەرغۇلى ، 3 ـ داستان ، 3 ـ داستان مەرغۇلى .

مەشرەپ : 1 ـ مەشرەپ ، 2 ـ مەشرەپ ، 3 ـ مەشرەپ .

⑨ بايات

چوڭ نەغمە : مۇقامنىڭ باشلىنىشى ، تەزە ، تەزە مەرغۇلى ، چۇشۇرگىسى . كىچىك سەلىقە ، كىچىك سەلىقە مەرغۇلى ، چۇشۇرگىسى .

جوْلا ، سەنەم ، چوڭ سەلىقە ، پەشرۇ ، تەكىت .

داستان : 1 ـ داستان ، 1 ـ داستان مەرغۇلى ، 2 ـ داستان ، 2 ـ داستان مەرغۇلى ، 3 ـ داستان ، 3 ـ داستان مەرغۇلى .

مەشرەپ : 1 ـ مەشرەپ ، 2 ـ مەشرەپ ، 3 ـ مەشرەپ .

⑩ ناۋا

چوڭ نەغمە : مۇقامنىڭ باشلىنىشى ، تەزە ، تەزە مەرغۇلى ، چۇشۇرگىسى . نۇسخا ، نۇسخا مەرغۇلى ، جوْلا ، سەنەم ، چوڭ سەلىقە ، 1 ـ كىچىك سەلىقە ، 1 ـ كىچىك سەلىقە مەرغۇلى ، 2 ـ كىچىك سەلىقە ، تەكىت .

داستان : 1 ـ داستان ، 1 ـ داستان مەرغۇلى ، 2 ـ داستان ، 2 ـ داستان مەرغۇلى ، 3 ـ داستان ، 3 ـ داستان مەرغۇلى .

⑪ سىگاھ

چوڭ نەغمە : مۇقامنىڭ باشلىنىشى ، تەزە ، تەزە مەرغۇلى ، چۇشۇرگىسى . سەلىقە ، تەكىت ، تەكىت مەرغۇلى ( داستان ، مەشرەپلىرى يوق ) .

⑫ ئىراق

چوڭ نەغمە : مۇقامنىڭ باشلىنىشى ، تەزە ، تەزە مەرغۇلى ، چۇشۇرگىسى . سەلىقە ، سەلىقە مەرغۇلى ، چۇشۇرگىسى (داستان قىسمى يوق ) .

مەشرەپ : 1 ـ مەشرەپ ، 2 ـ مەشرەپ ، 3 ـ مەشرەپ .

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى ، ئون ئىككى مۇقامنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن نۇسخىلىرىنىڭ ئۆز تەركىبىگە ئالغان نەغمىلەر سانى بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق هالدا بارغانسېرى ئازىيىپ كەتكەن ، هەتتا « ئىراق » نىڭ داستان قىسمى يوق بولۇشتىن تاشقىرى ، « سىگاھ » نىڭ داستان ، مەشرەپ قىسمىلىرىمۇ يوقالغان . بۇ ، ۋارىسلىق قىلىش جەھەتتىكى كەمتۈكلۈك بولۇپ ، ئەسىرلەر داۋامىدا ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈش ئارقىلىق بەزىلىرىنىڭ ئۇنتۇلۇپ ، بەزىلىرىنىڭ چۇشۇپ قالغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ، شۇنداقتىمۇ شۇنچە زور

ھەجىملىك مۇزىكا ئەسىرىنىڭ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەستە ساقلاش ئىقتىدارى ئارقىلىقلا ئىغىزدىن - ئىغىزغا كۆچۈش يولى بىلەن بىزگىچە يىتىپ كىلىشى مۇزىكا خۇمار خەلقىمىزنىڭ ئۆز ئەنئەنىسىنىڭ قەدىر - قىممىتىگە يىتىدىغان ھەم ئۆزلۈكسىز يىڭىلىق يارىتىپ، ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ كەلگەن تىرىشچان، ئۆتكۈر پىكىرلىك، زىرەك، مۇستەھكەم ئىرادىلىك خەلق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

بەزى رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، مەلىكە ئامانىساخاننىڭ دادىسى ماخمۇت ئوتۇنچى ئەسلى كامالەتكە يەتكەن مۇقامچىلاردىن ئىكەن. بىر قىتىملىق قۇرغاقچىلىقتا ئۇ سۇپى - ئىشانلار تەرىپىدىن، نەغمە - ناۋا يولىنى تۇتقانلىقتىن ئىلاھنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ، يۇرتقا بالايىئاپەت كەلتۈرۈشكە سەۋەبچى بولدى، دىگەن بەدنام بىلەن ئەيىبلىنىپ، چۆل - جەزىرىگە سۈرگۈن قىلىۋىتىلگەن.

ماخمۇت ئوتۇنچى توغرىسىدىكى بۇ رىۋايەت مەلىكە ئامانىسانىڭ چۆل - جەزىر ئىچىدە تۇرۇپمۇ قانداق قىلىپ يىتىشكەن شائىر، ئۇستا مۇقامچى ۋە ماھىر سازەندە بولۇپ يىتىلىشىدىكى سەۋەبنى مەلۇم جەھەتلەردىن تىپىشقا ئەقىلگە مۇۋاپىق يىپ ئۇچلىرى كۆرسىتىپ بىرىدۇ.

ماخمۇت ئوتۇنچىدىن ئىبارەت بىر نامرات مۇقامچىنىڭ ئىچىنىشلىق تەقدىرى بىلەن ئۇنىڭ قىزى ــ شاھ مەلىكىسى بولغان ئامانىسانىڭ سوپى - ئىشانلارنىڭ ئورتاق قارشىلىقىغا ئۇچرىشىشى ئەجدادلىرىمىزنىڭ « مۇقام » نى قۇتقۇزۇش - قوغداش يولىدا ئاز رىيازەت چەكلىمىگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

« مۇقام » نى بىزگىچە يەتكۈزۈپ كەلگەنلەر ئىچىدە تۇرداخۇن ئاكىنىڭ تۆھپىسى ناھايىتى زور. گەرچە، مۇقاملار تەركىبىدىكى نەغمىلەر سانى بىر - بىرىدىن پەرقلىق ھالدا بارغانسىرى ئازىيىپ كەتكەن بولسىمۇ، لىكىن كۆپ قىسمى ئاساسەن تولۇق بولۇپ، ئون ئىككى مۇقامنىڭ شەكلى، تەركىبى، مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى، شۇنداقلا ھەرقايسى بۆلەكلەر ئۆز ئىچىگە ئالغان نەغمىلەرنىڭ سانى، كۈي، يۇراق، رىتىم - ئودار ئالاھىدىلىكلىرى

جەھەتلەردە بىزنى تولۇق ئۇقۇمغا ئىگە قىلالايدۇ . شۇڭا زامانىمىزدىكى (مەيلى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكىلەر بولسۇن ) « مۇقام » تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ « ئون ئىككى مۇقام » نۇسخىسى بويىچە « ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى » نىڭ ئاجايىپ سېھرىي كۈچىنى جاھانغا نامايان قىلىپ كەلدى . بۇنى « ئون ئىككى مۇقام » نى بىزگىچە يەتكۈزۈپ كەلگەن» تۇرداخۇن ئاكىنىڭ ئۆچمەس تۆھپىسىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ .

## ئون ئىككى مۇقامنى قېزىش ، تەتقىق قىلىش ۋە رەتلەپ ، تولۇقلاپ جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈش

تۇرداخۇن ئاكا بىزگىچە يەتكۈزۈپ كەلگەن « ئون ئىككى مۇقام » گەرچە تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ ئون ئىككى مۇقام توغرىسىدىكى ئەسەرلىرىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىغا ئاساس ياراتقان بولسىمۇ ، لېكىن ئون ئىككى مۇقامنى تولۇق ۋە مۇكەممەل شەكىلدە بويىچە جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈشكە كەملىك قىلاتتى . شۇڭا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە مەدەنىيەت ئىنقىلابى جەريانىدا ئۈزۈلۈپ قالغان ئون ئىككى مۇقامنى قېزىش ، رەتلەش ، تولۇقلاش خىزمىتى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ ، ئاتاقلىق مۇقامشۇناس زىكرى ئەلپەتتا ، شائىر تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ يېتەكچىلىكىدە 1978 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئوپېرا ئۆمىكى تەركىبىدە مۇقام گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى .

مۇقام گۇرۇپپىسىنىڭ قۇرۇلۇشى بىر ئۆمۈر جان ـ دىل بىلەن مۇقامغا ئىشتىياق باغلاپ ، مۇقام تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن مەشھۇر مۇقامشۇناس زىكرى ئەلپەتتانى ھاياجانغا سالدى . ئۇ گۇرۇپپا تەركىبىدىكى تېيىپجان ئېلىيوپ ، ئۆمەر ئاخۇن ، ئابلىزخان مامۇت ، قۇربان ئۆمەر ، ئابدۇكېرەش ئەلى ، ئەبەيدۇللا تۇردى ، ئەيشەم كېرىم قاتارلىقلارغا ئۆز كەچۈرمىشى ئۈستىدە سۆزلەپ ، روزى تەمبۇرنىڭ ئەينى يىللاردىكى بىر ئۆ-

كـۇنـۇشنى يەتكۈزدى . ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ، روزى تەمبۇر ئۇستازى مۇھەممەت موللىدىن ( ئاخۇنۇم كارۇشاگىردىن ) پەقەت مۇقامنىڭ داستان قىسمىنىلا ئۆگىنىپ ، ئۆزىنى كامالەتكە يەتكەن مۇقامچى دەپ ھېسابلىغان ، ئازادلىقتىن كېيىن ئۇ مۇقامشۇناس تۇرداخۇن ئاكا بىلەن ئۇچرىشىپ ، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئون ئىككى مۇقامنى لېنتىغا ئېلىش جەريانىدا ئۆزىنىڭ مۇقام دائىرىسىدە ئىگىلىگەنلىرىنىڭ تولىمۇ كەم ئىكەنلىكىدىن ئەپسۇسلانغان . بۇ ھەقتە ئون ئىككى مۇقامنى دەسلەپكى لېنتىغا ئېلىش جەريانىدا تۇرداخۇن ئاكا ، روزى تەمبۇر بىلەن بىللە بولغان ئابدۇۋەلى جارۇللايوپ مۇنداق بايان قىلىدۇ : «1951 ـ يىلى بىز ئۈرۈمچىگە ئون ئىككى مۇقامنى رەتلەش خىزمىتىگە بارغاندا ، ئاتاقلىق مۇقام ئۇستىسى تۇداخۇن ئاكا روزى تەمبۇرنىڭ مۇقام مەرغۇللىرىنى تەمبۇر بىلەن ناھايىتىمۇ چىرايلىق چالغانلىقىنى كۆرۈپ : 〈 روزەم ، سىلى خېلى ئوبدان ئۆگىنىپتىكەنلا ، كىمنى ئۇستاز تۇتقان ؟ 〉 دەپ سورايدۇ . روزى تەمبۇر : 〈 ئىلىدا مۇھەممەت موللا دېگەن بىر كىشى ئۆتكەن ، شۇ كىشى بىلەن ئۈچ ـ تۆت يىل بىللە بولۇپ ، ئازتولا بىر نېمە ئۆگەنگەنتىم ، 〉 دەپ جاۋاب بەرگەن . تۇداخۇن ئاكا بۇ گەپنى ئاڭلاپ : 〈 مۇھەممەت موللا ، دېدىلىما ؟ ئۇ كىشى مېنىڭ دادام بىلەن ئۇلپەت بولۇپ ئۆتكەن . راست ، توشقان سازەندە ئىدى ، 〉 دەپ كارۇشاك ئاخۇنۇمغا يۇقىرى باھا بەرگەن . تۇداخۇن ئاكا روزى تەمبۇرگە يەنە : 〈 سەنئەت دېگەن مانا شۇنداق نەرسە ، ماۋۇ داپ چېلىپ بېرىۋاتقان يىگىت ( شۇ چاغدا ، تۇداخۇن ئاكىنىڭ چوڭ ئوغلى ھوشۇر ئاخۇن دادىسىنىڭ يېنىدا داپ چېلىپ بېرەتتى ) يېنىمدا يىگىرمە يىل داپ چالدى ، تېخىچە مۇقامنى تولۇق بىلمەيدۇ ، سىلى ئۈچ ـ تۆت يىل ئىچىدە شۇنچە كۆپ نەرسىنى ئۆگىنىپلا ، زېھنىلىرى كۆچلۈك ئوغۇل بالا ئىكەنلا ، 〉 دەپ يۇقىرى باھا بەرگەن ئىدى » . ①

1980 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت

---

① « ئىلى دەرياسى » ژۇرنىلى 1982 ـ يىللىق 4 ـ سان ، 56 ـ ، 57 ـ بەتلەر .

بازارىتى قارىمىقىدا « مۇقام تەتقىقات ئىشخانىسى » قۇرۇلدى . بۇ ئىشخانا 1986 - يىلغىچە ئون ئىككى مۇقامنى يىغىش ، ئۆگىنىش ، رەتلەش ، تولۇقلاش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى . 1989 - يىلدىن باشلاپ ، لېنتىغا بېرىش خىزمىتىنى كىرىشتۈرۈپ ئىشلەش ئارقىلىق 1992 - يىلى 9 - ئايدا ئون ئىككى مۇقامنى تولۇقى بىلەن ئاممىغا ئاڭلىتىش مەقسىتىگە يەتتى .

## ئون ئىككى مۇقامنى رەتلەش ، تولۇقلاش جەريانىدا ئەجىر سىڭدۈرگەن كىشىلەر

ئون ئىككى مۇقامنى رەتلەش ، تولۇقلاش خىزمىتىگە مەشھۇر مۇقامشۇناس ۋە كومپوزىتورلاردىن ھۇسەنجان جامى ، ئابدۇكېرىم ئەلى ، ئۆمەر ئاخۇن ، ئەمەتجان ئەخمەدى ، قاۋۇل تۇردى ، مەتروزى تۇرسۇنلار بىر ئۆمۈر دېگۈدەك ئەجىر سىڭدۈردى .

مۇقامشۇناس زىكرى ئەلپەتتانىڭ كېسەل سەۋەبى بىلەن بەختكە قارشى ۋاپات بولۇشى تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولدى . ئۇ ئون ئىككى مۇقام تەركىبىدىكى ھەرقايسى بۆلەكلەرنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى ، ئورنى ۋە ئۆزئارا قانۇنىيەتلىك باغلىنىشلىرىنى پۇختا بىلەتتى . باشقىلار بولسا ، مۇقام بىلەن شۇغۇللىنىش ۋاقتىنىڭ قىسقا ۋە ئەتراپلىق بولمىغانلىقى بىلەن ، بولۇپمۇ تۈزۈلۈش جەھەتتىن ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغان « چوڭ نەغمە » تەركىبىدىكى ھەرقايسى بۆلەكلەرنى ئۆز ئالاھىدىلىكى بويىچە بىر - بىرىدىن تولۇق پەرقلەندۈرۈپ كېتەلمەيتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇداخۇن ئاكا لېنتىغا بەرگەن مۇقاملاردىكى بەزى ئاھاڭلار ئۆزئارا ئالمىشىپ ئورۇنلىنىپ قېلىشتىن تاشقىرى ، بەزى بۆلەكلەرنىڭ تەركىبى ۋە شەكلىمۇ بىر - بىرىگە ئانچە ئوخشاپ كەتمەيتتى . بۇنىڭدا ھەممىدىن كۆپ باش قاتتۇرغىنى « سەلقە » شەكلى ئىدى . بۇ شەكىل چوڭ نەغمىدىكى باشقا شەكىللەردىن تۈزۈلۈش جەھەتتىكى مۇرەككەپلىكى ۋە ئۆز تەركىبىدىكى ئاھاڭلارنىڭ سان ۋە شەكىل جەھەتتىكى ئوخشىماسلىقى بىلەن كىشىنى ئاسانلا قايمۇقتۇرۇپ قوياتتى .

مەسىلەن: بۇ «پەنجىگاھ» مۇقامدا «چوڭ سەلىقە»، «كىچىك سەلىقە»، «كىچىك سەلىقە مەرغۇلى»، «كىچىك سەلىقە ئۆزگىرىشى» دېگەن شەكىل بىلەن كەلگەن بولسا، «مۇشاۋىرەك» مۇقامدا «سەلىقە»، «سەلىقە مەرغۇلى»، «چوڭ سەلىقە»، «1 ـ كىچىك سەلىقە»، «1 ـ كىچىك سەلىقە مەرغۇلى»، «2 ـ كىچىك سەلىقە»، «2 ـ كىچىك سەلىقە مەرغۇلى» دېگەن شەكىلدە، «ئۆزھال» مۇقامدا «1 ـ كىچىك سەلىقە»، «1 ـ كىچىك سەلىقە مەرغۇلى»، «چوڭ سەلىقە»، «2 ـ كىچىك سەلىقە»، «2 ـ كىچىك سەلىقە مەرغۇلى»، «2 ـ كىچىك سەلىقە ئۆزگىرىشى» دېگەن شەكىلدە، «بايات» مۇقامدا بولسا، «كىچىك سەلىقە»، «كىچىك سەلىقە مەرغۇلى»، «چوڭ سەلىقە» دېگەن شەكىلدە كەلگەن.

ئەمدى، يۇقىرىقى تۆت مۇقام تەركىبىدىكى ئاز ـ كۆپلۈكى ئوخشاش بولمىغان «سەلىقە» لەرنى رەت تەرتىپى بويىچە ئۆز ئارا تولۇقلاپ، تىزىپ چىققىنىمىزدا، ھەر بىر مۇقامدا بولۇشقا تېگىشلىك «سەلىقە» لەرنىڭ تىزىملىكى مۇنداق بولىدۇ: ① سەلىقە، ② سەلىقە مەرغۇلى ③ چوڭ سەلىقە،[1] ④ كىچىك سەلىقە، ⑤ 1 ـ كىچىك سەلىقە، ⑥ 1 ـ كىچىك سەلىقە مەرغۇلى، ⑦ 2 ـ كىچىك سەلىقە، ⑧ 2 ـ كىچىك سەلىقە مەرغۇلى، ⑨ 2 ـ كىچىك سەلىقە ئۆزگىرىشى.

توققۇز ئاھاڭدىن تەركىب تېپىشقا تېگىشلىك بولغان ۋە ئارىلىقىدا جۈلا، سەنەم بۆلەكلىرى قىستۇرۇلغان بۇ «سەلىقە» نىڭ ھەربىر مۇقامدا ئىگىلىگەن سانىنىڭ ۋە رەت تەرتىپىنىڭ بىر ـ بىرىگە ئوخشىماسلىقى مۇقام تەتقىقاتىغا ئەمدىلا كىرىشكەن كىشىلەرنى ئەلۋەتتە خېلىلا قايمۇقتۇرىدۇ. ھېلىمۇ ياخشى، ئون ئىككى مۇقامنى بىزگىچە يەتكۈزۈپ كەلگەن بىر قىسىم مۇقام پېشىۋالىرىدىن تەلىم ئالغان كىشىلىرىمىزدىن ھايات قالغانلىرىمۇ بار

---

① مۇقاملارنىڭ كۆپىدە چوڭ سەلىقىدىن كىچىك سەلىقىگە ئۆتۈش ئارىلىقىدا جۈلا، سەنەم ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بەزى مۇقاملاردا چوڭ سەلىقە كىچىك سەلىقىنىڭ ئالدىدا، مۇنداق ئەھۋالدىمۇ يەنە ئۇلار ئارىلىقىدا جۈلا، سەنەم ئېيتىلىدۇ.

ئىكەن، بۇ كىشى ئۆمەر ئاخۇن بولۇپ، ئەينى يىللاردا ئون ئىككى مۇقامنى قېزىش جەريانىدا تۇداخۇن ئاكا قاتارىدا لېنتىغا بېرىشكە قاتناشقان قاسىم ئەلنەغمە، راۋابچى روزىلارنىڭ كەينىدە يۈرۈپ، ئون ئىككى مۇقام قانۇنىيەتلىرىنى خېلىلا پۇختا ئىگىلىگەن، لېكىن چالا ساۋات بولغانلىقى تۈپەيلىدىن ئۆز ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەي كەلگەن ئىدى. مۇقام گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇشى بىلەنلا ئۆمەر ئاخۇن ئاكا زىكرى ئەلپەتتا ۋاپات بولغاندىن كېيىنكى ياش تەتقىقاتچىلار دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشتا ئاجايىپ چوڭ رول ئوينىدى. ئۇ تۇداخۇن ئاكا قالدۇرۇپ كەتكەن «ئون ئىككى مۇقام» لېنتىلىرىنى قايتا - قايتا ئاڭلاش ۋە بىر - بىرىگە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق چوڭ نەغمە تەركىبىدىكى ئالمىشىپ كەتكەن تەزە، نۇسخىلارنى، سەلىقىلەرنى كۆي شەكلى بويىچە جايىغا چۈشۈردى. سەلىقىگە ئائىت ئاھاڭلارنى ئايرىپ بەردى ۋە كەم قالغان جايلىرىنى تولۇقلىدى. ئۆمەر ئاخۇن ئاكىنىڭ بوشلۇقنى تولدۇرغان بۇ زور تۆھپىسى ئەلۋەتتە خاتىرىلىنىشكە ئەرزىيدۇ.

ئون ئىككى مۇقامنى رەتلەش جەريانىدا دۇچ كەلگەن ئىككىنچى مەسىلە، كەم - كۈتا ئىپتىلىپ قالغان مۇقاملارنىڭ تەركىبى قىسمىنى تولۇقلاشتىن ئىبارەت بولدى. بۇنىڭدا ئامالنىڭ بارىچە، مۇقامنىڭ كەم - كۈتىلىرىنى قايتا قېزىش ئارقىلىق تولۇقلاش مەقسەت قىلىنىپ، باشقا مۇقامچىلاردا بار بولۇپ، تۇداخۇن ئاكىنىڭ ئېيتقىنىدا يوق بولغان ئاھاڭلار قايتا قاراپ چىقىلدى. نەتىجىدە چوڭ نەغمىدىكى كەم - كۈتىلارنى تولۇقلاشتا قاسىم ئەلنەغمىنىڭ لېنتىغا بەرگەنلىرى، داستان قىسمىنى تولۇقلاشتا روزى تەمبۇرنىڭ ئىلى ئۇسلۇبىدا شەكىللەندۈرگەن داستانلىرى مەشرەپ قىسمىنى تولۇقلاشتا مەگلىك ئاشىق (گوچۇگدىن)، شامەمەت (خوتەن قارىقاشتىن) نىڭ ئېيتقانلىرى مۇھىم رول ئوينىدى. شۇنداقتىمۇ چوڭ نەغمە قىسمىنى تولۇقلاش كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغانلىقتىن راۋابچى روزى (قەشقەردىن)، مۇسا ئاخۇن (يەكەندىن)، تۇداخۇن يەكەن قاتارلىقلاردىن

يىغىپ كېلىنگەن چوڭ نەغمگە ئائىت ئاھاڭلاردىن تاشقىرى، نەغمە شەكلىدىكى خەلق ناخشىلىرىدىنمۇ پايدىلىنىلدى. بۇنىڭدا كۆپرەك رول ئوي-نىغان مۇقامشۇناس - تەتقىقاتچى ئەمەتجان ئەخمەدى بولۇپ، ئۇ، خەلق «ئەلنەغمىلىرى» ئاساسىدا «سىگاھ» قا جۇلا، سەنەم، چوڭ سەلقە؛ «با-يات» قا جۇلا، سەنەم، چوڭ سەلىقە، تەكىت؛ «ئەجەم» گە جۇلا، سەنەم، چوڭ سەلقە، تەكىت، 3 - داستان مەرغۇلى؛ «ئىراق» قا جۇلا، سەنەم، چوڭ سەلقە، پەشرۇ، تەكىت قاتارلىقلارنى كۇچا، توقسۇ، شايار، خوتەن، بۇگۇر ئاھاڭلىرىنى ئۆزگەرتىپ ئىشلەش ئارقىلىق مەلۇم دەرىجىدە تولۇقلاش رولىنى ئوينىدى ۋە تۆھپە قوشتى. بۇ جەرياندا ھۇسەنجان جامى «ئەجەم» نىڭ مۇقەددىمىسىنى تولۇقلىدى، «ئۆزھال» نىڭ 5 - داستانىنىڭ مەرغۇلىنى ئىشلىدى، قاۋۇل تۇردى «ئىراق» نىڭ تەزىسىنى نۇسخىغا ئايلاندۇردى. «سىگاھ» نىڭ نۇسخىسىنى كۆپەيتىپ ئىشلىدى، «بايات» نىڭ نۇسخىسىنى تولۇقلىدى.

مەتروزى تۇرسۇن «ئىراق» مۇقامىدا كەم بولغان 1 - سەلقە، 2 - كىچىك سەلقە، كىچىك سەلقە مەرغۇلى قاتارلىقلارنى، «سىگاھ» مۇقامىدا كەم بولغان 2 -، 3 - داستان مەرغۇلى قاتارلىقلارنى خەلق ئەلنەغمىلىرى ئاساسىدا ئۆزگەرتىپ ئىشلەپ تولۇقلىدى.

شۇنداق قىلىپ، تۇداخۇن ئاكا لېنتىغا بەرگەن ئون ئىككى مۇقامغا يەنە يەتمىش بەش ئاھاڭ قوشۇلۇپ، رەتلەپ تولۇقلانغان نۇسخا جەمئىي ئۈچ يۈز يىگىرمە ئاھاڭ بىلەن جامائەتكە تەقدىم قىلىندى.

بۇ خىزمەتتە — ئاھاڭ جەھەتتە، خەلق ئاھاڭلىرىدىن پايدىلىنىش نۇقتىسى قىلىنىپ، كۈي شەكلى بويىچە رەتلەش، رېتىم - ئۇدار ۋە قۇرۇلما بويىچە قېلىپلاشتۇرۇش ئۆلچەم، «راك»، «ئۇششاق» مۇقامى قۇرۇلمىلىرى ئۈلگە قىلىندى.

تېكىستى جەھەتتە، «مۇقام» نىڭ كلاسسىكلىق خۇسۇسىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈش نۇقتىسىدىن كلاسسىك شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى ئىشلە-

نىشى مۇقىملاشتۇرۇپ، ئەسلى تېكىستلىرىدىن مۇۋاپىقلىرىنى تاللاش بىلەن كەم ـ كۈتىلىرىنى تولۇقلاشتا نەۋائى، زەلىلى، گۇمنام، مەشرەپ قاتارلىق كىلاسسىك شائىرلارنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە دىداكتىك شېئىرلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى. بۇنىڭ دەسلەپكى (« راك »، « چەببىيات » مۇقامى-نىڭ) شېئىرلىرىنى تېيىپجان ئېلىيوپ، كېيىنكىلىرىنى ئۆمەر ئىمىن تۈزدى.

ئورۇنلاشتا ئاھاڭ ۋە تېكىست ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ھەر بىر مۇقام بەككە، كوللېكتىپ، شۇنداقلا، ئەرلەر، ئاياللار ئايرىم ـ ئايرىم ئېيتىش شەكلى بويىچە بىرىكتۈرۈلۈپ، جانلىق، جۇشقۇن كەيپىيات ئەكس ئەتتۈرۈلدى.

بۇ جەرياندا تۇرنىسا سالاھىدىن « ناۋا » مۇقامىنىڭ، رىسالەت ھاپىز « پەنجىگاھ » مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئېيتتى. قالغان ئون مۇقامنىڭ مۇ-قەددىمىسىنى ئوسمان ئەمەت ئېيتتى.

ئەرلەر، ئاياللار ۋە كوللېكتىپ ئېيتىش شەكلىدە تۇرنىسا سالاھىدىن، رىسالەت ھاپىز، غاپپار ئەخمەت، زەينۇللا بۇرھان، پوچۇنئاي نۇراخۇن، تۇرنىسا ئاناۋۇللا قاتارلىقلار ئون ئىككى مۇقامنى تولۇقى بىلەن لىنتىغا ئېلىشتا باشتىن ـ ئاخىر تولۇق قاتنىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ياڭراق، جۇشقۇن ئاۋازى بىلەن تارىختا ئەھمىيەتكە ئىگە بۇ شەرەپلىك خىزمەتتە ئۆچمەس ئىز قال-دۇردى.

چالغۇدا ـــ يۇسۇپجان روزى داپتا، قاۋۇل تۇردى چاڭدا، قاسىمجان نەيدە، قۇربانجان روزى تەمبۇردە، دولقۇن سەپەر غىجەكتە، پەرھات داۋۇت راۋاب ھەم ساتاردا، پەرھات مۆيدىن باس ئىسكىرىپكىدا ئون ئىككى مۇقامنى تولۇقى بىلەن ئورۇنلاپ جامائەتكە تەقدىم قىلدى ۋە ئۆچمەس ئىز قالدۇر-دى ...

خۇلاسە كالام، ئون ئىككى مۇقام ئەنە شۇ ئۇزاق، مۇرەككەپ، جاپالىق جەريانلاردىن ئۆتۈپ، بۈگۈن بىز بىلەن تولۇقلانغان شەكلى بويىچە

مۇۋەپپەقىيەتلىك يۈز كۆرۈشتى . شۇنداقلا ، ئون ئىككى مۇقامنى رەتلەش ، تولۇقلاش ۋە ئۇنى جامائەتكە تەقدىم قىلىشتىن ئىبارەت دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە شەرەپلىك خىزمەت جەريانىنىڭ ئۆزى يەنە نۇرغۇن مۇقامشۇناسلارنى ، مۇقامچىلارنى تۇغدۇرغان ، يېتىشتۈرگەن جەريان بولدى .

ئىشىنىمەنكى ، زامانىمىزدا ئون ئىككى مۇقامنى قايتا رەتلەش خىزمىتىگە تۆھپە قوشقانلار ۋە ئىسىملىرى تىلغا ئېلىنغان ، تىلغا ئېلىنماي قالغان تۆھپىكارلار سۇلتان ئابدۇرىشتخان زامانىسىدىكى يۈسۈپ قىدىرخان ، ئامانىسالارغا ئوخشاشلا ، كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ پەخىرلىنىشىگە ، سېغىنىشىغا ، مەدھىيىلىشىگە ئەرزىيدۇ .

## خاتىمە

ئون ئىككى مۇقام قېزىش ، رەتلەش ، تولۇقلاشتىن ئىبارەت ئاز كام قىرىق يىللىق جەرياندىن ئۆتۈپ ، جامائەتچىلىككە تولۇغى بىلەن نامايان بولدى . بۇ ھەقىقەتەن شەرەپلىك ئىش ، ھەقىقەتەن تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئۇلۇغ ئىش . لېكىن بۇ ئون ئىككى مۇقام ئۈستىدە ئىشلىنىدىغان خىزمەتلەرنىڭ تەلتۆكۈس تۈگىگەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ . بىز ئون ئىككى مۇقام توغرىسىدىكى تەتقىقاتنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇش بىلەن بىللە ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش جەھەتتە ، ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچىنى تېخىمۇ ئۇرغىتىدىغان ئۇسۇللار ئۈستىدە ئىزدىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ .

مېنىڭچە ئون ئىككى مۇقامنى مۇكەممەللەشتۈرۈش يولىدىكى تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىزنى كۆرۈش بىلەن بىللە ، يەنە ئىزدىنىدىغان ، تەتقىق قىلىدىغان جايلىرىمىزنىڭمۇ بارلىقىنى كۆرۈشىمىز كېرەك . بۇنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈچۈن رەتلەنگەن ئون ئىككى مۇقامنىڭ تەركىبىدە شەكىللەنگەن نەغمىلەرنى كۆرۈپ باقايلى :

① راك

چوڭ نەغمە : مۇقەددىمە ، تەزە ، تەزە مەرغۇلى ،

چۇشۇرگىسى. نۇسخا، نۇسخا مەرغۇلى، چۇشۇرگىسى. جۇلا، سەنەم، چوڭ سەلىقە، كىچىك سەلىقە، (1) كىچىك سەلىقە، (2) كىچىك سەلىقە مەرغۇلى، چۇشۇرگىسى. پەشرۇ، پەشرۇ مەرغۇلى، چۇشۇرگىسى، تەكىت.

داستان: 1 ـ داستان، 1 ـ داستان مەرغۇلى. 2 ـ داستان، 2 ـ داستان مەرغۇلى. 3 ـ داستان، 3 ـ داستان مەرغۇلى. 4 ـ داستان، 4 ـ داستان مەرغۇلى. 5 ـ داستان، 5 ـ داستان مەرغۇلى.

مەشرەپ: 1 ـ مەشرەپ، 2 ـ مەشرەپ، 3 ـ مەشرەپ.

② چەببىيات

چوڭ نەغمە: مۇقەددىمە، تەزە، تەزە مەرغۇلى، چۇشۇرگىسى. نۇسخا، نۇسخا مەرغۇلى، چۇشۇرگىسى. جۇلا، جۇلا مەرغۇلى، سەنەم، چوڭ سەلىقە، كىچىك سەلىقە (1)، كىچىك سەلىقە (2)، كىچىك سەلىقە مەرغۇلى، چۇشۇرگىسى، تەكىت.

داستان: 1 ـ داستان، 1 ـ داستان مەرغۇلى، 2 ـ داستان، 2 ـ داستان مەرغۇلى. 3 ـ داستان، 3 ـ داستان مەرغۇلى. 4 ـ داستان، 4 ـ داستان مەرغۇلى.

مەشرەپ: 1 ـ مەشرەپ، 2 ـ مەشرەپ، 3 ـ مەشرەپ، 4 ـ مەشرەپ.

③ مۇشاۋىرەك

چوڭ نەغمە: تەزە (1)، تەزە (2)، تەزە (3) تەزە مەرغۇلى، چۇشۇرگىسى. 1 ـ كىچىك سەلىقە، 1 ـ كىچىك سەلىقە مەرغۇلى، 2 ـ كىچىك سەلىقە (1)، 2 ـ كىچىك سەلىقە (2)، 2 ـ كىچىك سەلىقە (3)، 2 ـ كىچىك سەلىقە مەرغۇلى. جۇلا، سەنەم، چوڭ سەلىقە، تەكىت.

داستان: 1 ـ داستان، 1 ـ داستان مەرغۇلى، 2 ـ داستان، 2ـ داستان مەرغۇلى، 3 ـ داستان، 3 ـ داستان مەرغۇلى، 4 ـ داستان، 4 ـ داستان مەرغۇلى.

مەشرەپ: 1 ـ مەشرەپ، 2 ـ مەشرەپ، 3 ـ مەشرەپ، 4 ـ مەشرەپ، 5ـ مەشرەپ.

④ چارىگاھ

چوڭ نەغمە : مۇقەددىمە ، تەزە ، تەزە مەرغۇلى ، چۇشۇرگىسى .
نۇسخا ، نۇسخا مەرغۇلى ، چۇشۇرگىسى . جۇلا ، سەنەم ، چوڭ سەلىقە ، كىچىك سەلىقە ، كىچىك سەلىقە مەرغۇلى ، تەكىت .

داستان : 1 ـ داستان ، 1 ـ داستان مەرغۇلى ، 2 ـ داستان ، 2 ـ داستان مەرغۇلى ، 3 ـ داستان ، 3 ـ داستان مەرغۇلى .

مەشرەپ : 1 ـ مەشرەپ ، 2 ـ مەشرەپ ، 3 ـ مەشرەپ ، 4 ـ مەشرەپ ، 5 ـ مەشرەپ ، 6 ـ مەشرەپ ، 7 ـ مەشرەپ .

⑤ پەنجىگاھ

چوڭ نەغمە : مۇقەددىمە ، تەزە ، تەزە مەرغۇلى ، چۇشۇرگىسى ، نۇسخا ، نۇسخا مەرغۇلى ، چۇشۇرگىسى ، جۇلا ، جۇلا مەرغۇلى ، چۇشۇرگىسى . سەنەم ، چوڭ سەلىقە ، كىچىك سەلىقە (1) ، كىچىك سەلىقە (2) ، كىچىك سەلىقە (3) ، كىچىك سەلىقە (4) ، كىچىك سەلىقە (5) ، كىچىك سەلىقە مەرغۇلى ، چۇشۇرگىسى ، پەشرۇ ، پەشرۇ مەرغۇلى ، چۇشۇرگىسى ، تەكىت .

داستان : 1 ـ داستان ، 1 ـ داستان مەرغۇلى ، 2 ـ داستان ، 2 ـ داستان مەرغۇلى ، 3 ـ داستان ، 3 ـ داستان مەرغۇلى ، 4 ـ داستان ، 4 ـ داستان مەرغۇلى ، 5 ـ داستان ، 5 ـ داستان مەرغۇلى .

مەشرەپ ، 3 ـ مەشرەپ ، 2 ـ مەشرەپ ، 3 ـ مەشرەپ ، 4 ـ مەشرەپ .

⑥ ئۆزھال

چوڭ نەغمە : مۇقەددىمە ، تەزە ، تەزە مەرغۇلى ، چۇشۇرگىسى .
نۇسخا ، نۇسخا مەرغۇلى ، چۇشۇرگىسى . جۇلا ، سەنەم ، چوڭ سەلىقە ، كىچىك سەلىقە (1) ، كىچىك سەلىقە (2) ، سەلىقە مەرغۇلى ، چۇشۇرگىسى .
پەشرۇ ، پەشرۇ مەرغۇلى ، چۇشۇرگىسى ، تەكىت .

داستان : 1 ـ داستان ، 1 ـ داستان مەرغۇلى ، 2 ـ داستان ، 2 ـ داستان مەرغۇلى ، 3 ـ داستان ، 3 ـ داستان مەرغۇلى ، 4 ـ داستان ، 4 ـ

داستان مەرغۇلى ، 5 ـ داستان ، 5 ـ داستان مەرغۇلى .

مەشرەپ : 1 ـ مەشرەپ ، 2 ـ مەشرەپ ، 3 ـ مەشرەپ ، 4 ـ مەشرەپ ، 5 ـ مەشرەپ .

⑦ ئەجەم

چوڭ نەغمە : مۇقەددىمە ، تەزە ، تەزە مەرغۇلى ، چۇشۇرگىسى . نۇسخا ، نۇسخا مەرغۇلى . چۇشۇرگىسى . جۇلا ، جۇلا مەرغۇلى ، سەنەم ، چوڭ سەلىقە ، كىچىك سەلىقە (1) ، كىچىك سەلىقە (2) ، كىچىك سەلىقە مەرغۇلى ، چۇشۇرگىسى ، تەكىت .

داستان : 1 ـ داستان ، 1 ـ داستان مەرغۇلى ، 2 ـ داستان ، 2 ـ داستان مەرغۇلى . 3 ـ داستان ، 3 ـ داستان مەرغۇلى .

مەشرەپ : 1 ـ مەشرەپ ، 2 ـ مەشرەپ ، 3 ـ مەشرەپ .

⑧ ئوششاق

چوڭ نەغمە : مۇقەددىمە ، تەزە ، تەزە مەرغۇلى ، چۇشۇرگىسى . نۇسخا ، نۇسخا مەرغۇلى ، چۇشۇرگىسى ، يارىم ساقى ، يارىم ساقى مەرغۇلى ، چۇشۇرگىسى . جۇلا ، جۇلا مەرغۇلى ، سەنەم ، چوڭ سەلىقە ، كىچىك سەلىقە (1) ، كىچىك سەلىقە (2) ، كىچىك سەلىقە مەرغۇلى . چۇشۇرگىسى . پەشرۇ ، پەشرۇ مەرغۇلى ، تەكىت .

داستان : 1 ـ داستان ، 1 ـ داستان مەرغۇلى ، 2 ـ داستان ، 2 ـ داستان مەرغۇلى ، 3 ـ داستان ، 3 ـ داستان مەرغۇلى ، 4 ـ داستان ، 4 ـ داستان مەرغۇلى 5 ـ داستان ، 5 ـ داستان مەرغۇلى .

مەشرەپ : 1 ـ مەشرەپ ، 2 ـ مەشرەپ ، 3 ـ مەشرەپ ، 4 ـ مەشرەپ ، 5 ـ مەشرەپ .

⑨ بايات

چوڭ نەغمە : مۇقەددىمە ، تەزە ، تەزە مەرغۇلى ، چۇشۇرگىسى . نۇسخا ، نۇسخا مەرغۇلى ، جۇلا ، جۇلا مەرغۇلى ، چۇشۇرگىسى . سەنەم ، چوڭ سەلىقە ، كىچىك سەلىقە ، كىچىك سەلىقە مەرغۇلى ، چۇشۇرگىسى ،

تەكىت .

داستان : 1 ـ داستان ، 1 ـ داستان مەرغۇلى ، 2 ـ داستان ، 2 ـ داستان مەرغۇلى . 3 ـ داستان ، 3 ـ داستان مەرغۇلى . 4 ـ داستان ، 4 ـ داستان مەرغۇلى .

مەشرەپ : 1 ـ مەشرەپ ، 2 ـ مەشرەپ ، 3 ـ مەشرەپ .

⑩ ناۋا

چوڭ نەغمە : تەزە ، تەزە مەرغۇلى ، چۇشۇرگىسى . نۇسخا ، نۇسخا مەرغۇلى ، چۇشۇرگىسى . جۇلا ، سەنەم ، چوڭ سەلىقە ، كىچىك سەلىقە ، كىچىك سەلىقە مەرغۇلى ، چۇشۇرگىسى . تەكىت .

داستان : 1 ـ داستان ، 1 ـ داستان مەرغۇلى ، 2 ـ داستان ، 2 ـ داستان مەرغۇلى ، 3 ـ داستان ، 3 ـ داستان مەرغۇلى . 4 ـ داستان ، 4 ـ داستان مەرغۇلى .

مەشرەپ : 1 ـ مەشرەپ ، 2 ـ مەشرەپ ، 3 ـ مەشرەپ ، 4 ـ مەشرەپ .

⑪ سىگاھ

چوڭ نەغمە : مۇقەددىمە ، تەزە ، تەزە مەرغۇلى ، چۇشۇرگىسى ، نۇسخا ، نۇسخا مەرغۇلى ، چۇشۇرگىسى . جۇلا ، سەنەم ، چوڭ سەلىقە ، كىچىك سەلىقە ، كىچىك سەلىقە مەرغۇلى . پەشرۇ ، پەشرۇ مەرغۇلى . تەكىت .

داستان : 1 ـ داستان ، 1 ـ داستان مەرغۇلى ، 2 ـ داستان ، 2 ـ داستان مەرغۇلى ، 3 ـ داستان ، 3 ـ داستان مەرغۇلى ، 4 ـ داستان ، 4 ـ داستان مەرغۇلى .

مەشرەپ : 1 ـ مەشرەپ ، 2 ـ مەشرەپ ، 3 ـ مەشرەپ ، 4 ـ مەشرەپ .

⑫ ئىراق

چوڭ نەغمە : مۇقەددىمە ، تەزە ، تەزە مەرغۇلى ، چۇشۇرگىسى . جۇلا نۇسخا ، نۇسخا مەرغۇلى ، چۇشۇرگىسى . جۇلا ، سەنەم ، چوڭ سەلىقە . كىچىك سەلىقە (1) ، كىچىك سەلىقە (2) ، كىچىك سەلىقە (3) ، كىچىك سەلىقە

(4)، كىچىك سەلىقە مەرغۇلى، چۇشۇرگىسى. پەشرۇ، پەشرۇ مەرغۇلى، چۇشۇرگىسى، تەكىت.

داستان: 1 ـ داستان، 1 ـ داستان مەرغۇلى، 2 ـ داستان، 2 ـ داستان مەرغۇلى، 3 ـ داستان، 3 ـ داستان مەرغۇلى. 4 ـ داستان، 4 ـ داستان مەرغۇلى.

مەشرەپ: 1 ـ مەشرەپ، 2 ـ مەشرەپ، 3 ـ مەشرەپ، 4 ـ مەشرەپ.

ئەمدى ئون ئىككى مۇقامنىڭ تولۇقلانغان بۇ نۇسخىدىكى قۇرۇلما شەكلى ۋە نەغمىلەر سانىنى تۇداخۇن ئاكا لېنتىغا بەرگەن نۇسخىسىدىكى قۇرۇلما شەكلى ۋە نەغمىلەر سانى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى.

1. نەغمىلەر قۇرۇلمىسى.

تۇرداخۇن ئاكا نۇسخىسى بىلەن تولۇقلانغان نۇسخىدىكى «چوڭ نەغمە» تەركىبىدىكى ھەرقايسى نەغمىلەرنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندە مۇنداق ھالەتلەر كۆزگە چېلىقىدۇ.

① ھەرقايسى مۇقاملاردا «سەنەم»، «تەكىت» لەرلا يەككە ھالەتتە كەلگەن.

② تەزە، نۇسخا، جولا، پەشرو قاتارلىقلار ئوخشىمىغان ھالدا مەرغۇل، چۇشۇرگىدىن ئىبارەت ئۈچ بۆلەكتىن تەركىب تاپقان.

③ سەلىقە ــ سەلىقە، چوڭ سەلىقە، كىچىك سەلىقە، 1 ـ كىچىك سەلىقە، 2 ـ كىچىك سەلىقە، 3 ـ كىچىك سەلىقە، 4 ـ كىچىك سەلىقە دېگەن ناملاردا كېلىپ، ھەرقايسىسى ئوخشىمىغان ھالدا مەرغۇل ياكى مەرغۇل، چۇشۇرگىلەر بىلەن قوشۇلۇپ كەلگەن.

چوڭ نەغمە تەركىبىنى تولۇقلىغۇچى بۇ ئۈچ خىل شەكىلدىكى نەغمىلەرنىڭ ھەرقايسى مۇقاملاردىكى ئىشلىتىلىشىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرغاندا «سەنەم» «تەكىت» تىن ئىبارەت ئىككىلا نەغمە ھەممىلا مۇقامدا يەككە ھالەتتە مەۋجۇتلۇقى بىلەن كۆزگە تاشلىنىدۇ. لېكىن، قالغانلىرىنىڭ ھەرقايسى مۇقاملاردىكى ئورنى ئوخشىمىغان ھالدا يەككە ياكى مەرغۇل بىلەن ياكى

مەرغۇل ، چۇشۇرگىلەر بىلەن قوشۇلۇپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئالغىلى بولىدۇ .

بۇ ئوخشىماسلىقنى تۇرداخۇن ئاكا لېنتىغا بەرگەن نۇسخىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ئۇنى كەم ـ كۇتا ئېيتىلىپ قالغانلىقى بىلەن چۈشەندۈرۈشكە بولسىمۇ ، لېكىن ، رەتلەش ، تولۇقلاش باشقۇچىدىن ئۆتۈپ ، لېنتىغا بېرىلگەن نۇسخىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ھەرقايسى مۇقاملاردىكى نەغمىلەرنىڭ كۆي شەكلى ، رېتىم ـ ئۇدار ، ئاھاڭ تۈسى بويىچە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈش ۋە ئوخشاش سىستېما بويىچە قېلىپلاشتۇرۇلۇش قانۇنىيىتىگە سەل قارىغانلىقتىن بولغان دەپ ئاتاشقا بولىدۇ .

بۇ تولۇقلاپ ، رەتلىنىشتىن ئۆتكەن ئون ئىككى مۇقامنىڭ كىشىنى قانائەتلەندۈرمەيدىغان تەرەپلىرىنىڭ بىرى .

2 . قوشۇلغان خەلق ئاھاڭلىرى جەھەتتە .

بۇ ھەقتە گەپ ئېچىشتىن ئىلگىرى بۇ كىتابنىڭ ئىككىنچى بابى بولغان « ئون ئىككى مۇقام بىلەن يەرلىك مۇقاملارنىڭ ئورتاقلىقى ۋە ئۆزئارا پەرقى » دېگەن ماۋزۇنى ئەسلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ .

بۇ ماۋزۇدا ئون ئىككى مۇقام بىلەن يەرلىك مۇقاملاردىكى مۇزىكىلىق قۇرۇلما ۋە تېكىست ئىشلىتىش جەھەتتىكى ئوخشىماسلىقلار ھەرقايسى مۇقاملارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەپلا قالماي ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ، مۇقاملارنى تۈرگە ئايرىشتا بىردىنبىر ئۆلچەم ھېسابلىنىدىغانلىقى ئەمەلىي مىساللار بىلەن ئەتراپلىق ئېچىپ بېرىلگەن ئىدى .

يەنى مۇنداقچە ئېيتقاندا ، ئون ئىككى مۇقام مۇرەككەپ رېتىم ـ ئۇدارلىق بولۇپ ، غەزەل شەكلىدىكى مۇرەككەپ ۋەزىنلىك شېئىرلارنى ئاساسىي تېكىست قىلغان . دېمەك ئۇنىڭ تېكىستلىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك شائىرلار ياراتقان شېئىرلاردىن ، يەرلىك مۇقاملار بولسا ئومۇمەن ، ئاددى ، يەڭگىل ئېيتىلىدىغان خەلق ناخشىلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن يەڭگىل رېتىملىق خەلق بېيىتلىرىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن ئىدى .

ئون ئىككى مۇقامنىڭ چوڭ نەغمىسىنى تولۇقلاشتا ئىشلىتىلگەن بىر مۇنچە خەلق ناخشىلىرى رېتىم ـ ئۇدار جەھەتتىكى ئاددىي ـ ساددىلىقى، تېكىست ئىشلىتىشتە ئاددىي رېتىملىق خەلق بېيىت ـ قوشاقلىرى بىلەن چەكلەنگەنلىكى تۈپەيلىدىن، قۇرۇلما ۋە ئاھاڭ تۈسى جەھەتتىن مۇرەككەپ رېتىم ـ ئۇدارلىق ئون ئىككى مۇقامغا ئەمەس، بەلكى ئاددى ـ رېتىم ئۇدارلىق يەرلىك نەغمە ياكى ئاھاڭ تىزمىلىرىغا ئايلىنىپ قالغان. بۇ، كېيىنرەك تو-لۇقلانغان «سىگاھ»، «بايات»، «ئىراق» مۇقاملىرىدا گەۋدىلىك كۆرۈلىدۇ. بۇنى تۇرداخۇن ئاكا لېنتىغا بەرگەن نۇسخا بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرسەكلا كۇپايە. تۇرداخۇن ئاكا لېنتىغا بەرگەن نۇسخىدا خەلق بېيىتلىرى ئاساسەن «چوڭ سەلىقە» گىلا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بەزى «كىچىك سە-لىقە» لەردە ئاھاڭ ئۆزگىرىشى زۆرۈرىتى بىلەنلا، بەزى قىسقا مىسرالىق خەلق بېيىتلىرى ئارىلاشتۇرۇلغان. بۇ خىل ھالنى «پەنجىگاھ» نىڭ «سە-نەم»، «ئۆزھال» نىڭ «سەنەم»، «پەشرۇ» دا ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەتكەنلىكىنى چىلىقتۇرۇشتىن باشقا، قالغان نەغمىلەرنىڭ ھېچقايسىدىن ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. يىگى رەتلەنگەن نۇسخىدا بولسا، ئاددىي رېتىملىق خەلق بېيىتلىرى جۇلا، سەنەم، چوڭ سەلىقە، كىچىك سەلىقە، پەشرۇ، ھەتتا تەكىتكە قەدەر كېڭەيتىۋېتىلگەن. بۇ ئون ئىككى مۇقامغا خاس بولغان مۇرەككەپ رېتىم ـ ئۇدارلىق ئاھاڭلارنى تولىمۇ ئاددىيلاشتۇرۇۋېتىشكە سە-ۋەبچى بولۇپ، مۇقامغا خاس پۇراق، مۇقامغا خاس تۈس، مۇقامغا خاس تەمكىن، جەزبىدارلىقنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتكەن.

بەلكىم بەزىلەر، مۇقام ئاھاڭلىرىمۇ خەلق ئاھاڭلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەنغۇ، دەپ، بۇ خىل قاراشقا قوشۇلماسلىقى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ، ئەسكەرتىپ قويۇشقا تېگىشلىكى شۇكى، مۇقام ئاھاڭلىرى گەرچە خەلق ئا-ھاڭلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ مۇقامغا خاس تون بويىچە قايتا ئىجادى راۋاجلاندۇرۇش، يىگىلاش ئارقىلىق قېلىپلاشقان مۇقىم شەكىل تۈسىنى ئالغان. بۇنى مۇقام ئاھاڭلىرىنىڭ خەلق ئاھاڭلىرىدىن

ھالقىپ كەتكەن مۇكەممەل قۇرۇلمىسى دەلىللەپ بېرەلەيدۇ، ئەلۋەتتە.

يۇقىرىقى ئىككى خىل يېتىشسىزلىك ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى قىد-
زىش، رەتلەش، تولۇقلاشتىن ئىبارەت ئازكەم قىرىق يىللىق جاپالىق ئەمگەك
ۋە ئۇ ئېرىشكەن ھۆرمەت ـ ئالقىش ئالدىدا كىچىككىنە «نۇقسان» بولسىمۇ،
ھەر ھالدا ئون ئىككى مۇقامنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش جەريانىدا
ئىزدىنىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدىغان «ئەرزىمەس بوشلۇق» مىكىن دەپ قاراي-
مەن. مۇناسىۋەتلىك خادىملىرىمىزنىڭ كۆپ قاتلاملىقا ئىگە بۇ تارىخىي
مىراسىمىزنى ھەرقايسى جەھەتلەردىن تېخىمۇ ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ،
ئۇنىڭ ئۈزلۈكسىز تولۇقلىنىشى، ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىشى، شۇنداقلا
ئۈزلۈكسىز ئىجتىمائىيلىششى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىنى ئۈمىد قىلى-
مەن.

مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇنارجان توختاخۇن
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: رىزۋان تۇردى

## مۇقام ھەققىدە مۇلاھىزە

تۇرغان شاۋۇدۇن

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى ۋە تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق كوچىسى 348№)
«بوغدا» ئېلېكترونلۇق مەتبەئە مەركىزىدە تىزىلدى
شىخو ناھىيىلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 5.375 قىستۇرما ۋارىقى: 5
1995-يىل 9-ئاي 1-نەشرى
1995-يىل 9-ئاي 1-بېسىلىشى
تىراژى: 1 ——— 1100
ISBN7—228—03469—4/I.1228
باھاسى: ئاددىي مۇقاۋىلىقى: 9.70 يۈەن
قاتتىق مۇقاۋىلىقى: 10.80 يۈەن

责任编辑：穆纳尔江·托合塔洪
封面设计：热孜万·吐尔地

论木卡姆（维吾尔文）

吐尔干·夏吾东　著

策划：新疆维吾尔自治区十二木卡姆研究学会

新疆人民出版社出版发行
（乌鲁木齐市解放南路348号　邮政编码：830001）
«博格达»电子排版中心排版
乌苏县印刷厂印刷
850×1168毫米　32开本5·375印张5插页
1995年9月第1版　1995年9月第1次印刷
印数：1——1100

ISBN7—228—03469—4/I.1228　定价：平装9·70元
精装10·80元



ISBN7 — 228 — 03469 — x
I・1228定价(平装)9.70元(精装)10.80元